# غەرب شامىلى

2004

1



# Gherp Shamili



[illegible] شائىرى، ۋەتەن ھەۋەسىنىڭ
[illegible] ئاكا

تۇر ۋەتەنداش، قارا تۇندە ياتما ئويغان،
ئەلەم چېكىپ غەم قايغۇغا پاتما ئويغان،
يېتەرقۇللۇق، ئەمدى ھەسرەت تاتما ئويغان،
كەلدى پۇرسەت تېڭرقىما قاتما ئويغان،
ئەلنى ئۇلۇغ كۈرەشلەرگە باشلا ئويغان!

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

# غەرب شامىلى

«غەرپ شامىلى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى

# غەرپ شامىلى

باش مۇھەررىر: كۈرەش سۇلتان

مەسئۇل مۇھەررىر: تۈركنزات

تەھرىر : ئابدۇرىشىت ھاجى

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى

شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىنسان ھەقلىرى پەلەستىندىن ناچار..................تاشقىن بارات 21

شەرقى تۈركىستاندىكى خىتاي زىندانلىرىدا..... تەييارلىغۇچى غولامىدىن ئەھمەد پاختا 28

مۇساپىرلىق تەسىراتلىرى...............................تۈركئاي باقىي 43

## خىتاينىڭ ماھىيىتى

غەربى رايوننى ئېچىش- خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چۈمپەردىسى......................جاسارەت 6

ئەگەر ئامېرىكا جۇڭگوغا ھوجۇم قىلسا ..................................ۋاڭ 59

خىتاي ئارمىيىسى راستىنلا قۇدرەتلىكمۇ؟.....................................بەرنا قىز 51

30 ياشتىن بۇرۇنقى ماۋزىدوڭ بىرلىككە قارشى تۇرۇپ،خۇنەننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان...............................جاك ۋېيگو 47

wto ۋە خىتاينىڭ كەلگۈسى.................................كەۋسەر ھونتېكىن 17

## ئۇقۇملار ئېشىمى

تېرورىزىم ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى.................................بۆرىبەگ سىدىق 53

خەلقارا سەھنىلەردىكى كىشىلىك ھوقۇق.......،...................ئايتەكىن ئابدۇرېھىم 45

## تارىخى قەھرىمانلىرىمىز

قەھرىمان قىزلىرىمىزنىڭ سەردارى- يەتتە قىزلىرىم...................... ئەخمەتجان قادىر 13

# مۇندەرىجە

2004-يىل 1- سان

- هەر پەسلىنىڭ بىرىنچى ئېيىنىڭ بېشىدا نەشىردىن چىقىدۇ.
- خەلقارادا ئاشكارە تارقىتىلىدۇ.
- ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇشتىرى بولۇشىنى قارشى ئالىمىز.
- ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئەسەر ئەۋەتىشىنى قىزغىن تەۋسىيە قىلىمىز

## چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار


ئۇيغۇر تىلى چەتئەلدە يەنە قانچە يىل يۈت تىرەپ تۇرالايدۇ. ..........قاھار بارات 25

يىللار سىرى، ھايات نۇرى.......................ئەھمەد ئىگەمبەردى 11

تاجىدار شائىر– دولقۇن ياسىن.................. ...............ئەھمەد ئىگەمبەردى 24

ئۇنىڭ كۆتىرىۋاتقىنى ئېغىرلىق ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ غورورى........تۇركىزات 55


## ئەدەبىيات سالونى


شېئىرلار ...................................ئەھمەد ئىگەمبەردى 37

مەن ئەركىن، ۋاھ دەرىخ ئۇيغۇرۇم ئەركىن ئەمەس..................تۇركىئاي باقىي 39

شۇنداق.......ئەخمەتجان ئوسمان...........................فاىر ئاتتاپ (سۇرىيە) 41


## چەتئەللەردە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى


شۋېتسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتىرىياللار.... يالقۇن ئەبەي 61


## ئۇيغۇرلار تۇرمۇشى


نورۇز ................................... ئايىم بەخىت 57

غەرىبلىكنىڭ نەزىرى، ئۇيغۇر ھاياتى........تەييارلىغۇچى: قەيسەر ئابدۇرۇسۇل 31

ئۇيغۇر تەقۋادارلىرىدىكى «ئۇيغۇرلۇق» ۋە« مۇسۇلمانلىق»ئېڭى....ئارمان نۇر 48


## تەقدىرىڭ تەدبىرىڭگە باغلىق


مىللى بىرلىك ئەركىنلىكنىڭ شەرتىدۇر.............غولامىدىن ئەھمەد پاختا 15

# ژورنالنىڭ تەكلىپلىك خادىملىرى

## ھەيئەت ئەزالىرى

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر (ئامرىكا)

ئالىمجان تىلىۋالدى (قازاقىستان)

ئەخمەتجان ئوسمان (تۈركىيە)

پەرھاد مۇھامىدى (گېرمانىيە)

رۇقىيە (كانادا)

سەمەت (نورۋېگىيە)

شۆھرەت ھوشۇر (ئامېرىكا)

قاھار بارات (ئامېرىكا)

كامىلجان (فىنلاندىيە)

نەبىيجان (ئامېرىكا)

ئۆمەر قانات (ئامېرىكا)

## مەسلىھەتچى ھەيئەت ئەزالىرى

ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋسترالىيە)

تۇرسۇن ئىسلام (قىرغىزىستان)

دولقۇن ياسىن (قازاقىستان)

دىلشات رىشىت (شىۋىتسىيە)

غولامىدىن پاختا (ئامېرىكا)

قەھرىمان غوجامبەردى (ئامېرىكا)

(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئىنسان ھەقلىرى دېموكراتىيە ئەركىنلىك تىنچلىق باراۋەرلىك مۇستەقىللىق

# باشلام سۆز

ئەينى چاغدا ماۋزېدوڭ «شەرق شامىلى غەرب شامىلىنى بېسىپ چۈشىدۇ»،دېگەن ئىدى. ئەمما بۈگۈن غەربىنىڭ ئىنسان ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ۋە پۈتۈن دۇنيادا دېموكراتىيەنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزىگە ئالىي نىشان قىلغان غايەت زور بوران كوممۇنىزم غايىلىرىنىڭ رەزىل قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، مۇستەبىت، ھاكىممۇتلەق سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ھۇلىنى تەۋرەتتى، ئەجەل سىگنالىنى چالدى.

بۈگۈن جۇڭگو جەمئىيىتىدە خەلقىنىڭ نارازىلىقىدىن كېلىپ چىققان قارشىلىق ھەركەتلىرى،ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىكلىرى،دۆلەت فاشىزىمى، دۆلەت تېرورىزىمى ۋە دۆلەت ۋەكىللىكىدىكى قانۇنسىز زوراۋانلىقلارتارىخ بۇيىچە ئەڭ دەھشەتلىك باسقۇچقا بېرىپ يەتتى. بۇ ھال پەقەتلا ئالدامچىلىق ۋە قورال كۈچىگە تايىنىپ دۆلەت باشقۇرۇۋاتقان بىر زوراۋان ھاكىمىيەتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلىدى.

5مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە بولغان بىر دۆلەت ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك مەنىۋى ساپاسىغا ۋە مەدەنى دۆلەتلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىگە يات بولغان كېڭەيمىچى،مۇستەملىكىچى، جاھانگىر دۆلەتكە ئايلىنىپ، ھەقىقى ئىنسانى مەدەنىيەتنىڭ قاتىلى بولۇپ قالدى ۋە سىياسى نەيرەڭ ، قورال كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان 21– ئەسىردىكى ئەڭ قالاق سىياسى تۈزۈلمىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلىگە ئايلاندى. كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشتا دۇنيانىڭ ئەڭ ۋەھىمىلىك، ئەڭ چوڭ تۈرمىسىگە ئايلاندى، دېموكراتىيەنىڭ دۇنياۋى غەلىبە قازىنىش يولىدىكى جاھىل توساققا ئايلاندى. ھەربى كېڭەيمىچىلىك، ھەربى تەييارلىق ۋە ئۇرۇش خۇمارلىقى بىلەن دۇنيا تىنچلىقى، دۇنيا خەلقىنىڭ خاتىرجەملىكىنىڭ ۋەھىمە مەنبەسىگە ئايلاندى.

خىتاي مۇستەملىكىسىدە قالغان ئاتالمىش« ئاز سانلىق مىللەت»لەر نىڭ تەقدىرى تارىختىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋە ئەڭ خەتەرلىك ھالەتكە چۈشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتالمىش «ئاز سانلىق مىللەتلەر» گە نىسپەتەن سىياسى ۋە ئەسكىرى زوراۋانلىق ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىپ ، ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى يوقۇتۇش، ئاسمىلاتسىيە قىلىش، تەبئىي بايلىقلىرىنى بۇلاپ تالاش، زور كۆلەمدە نوپۇس يۆتكەش، تۇتقۇن قىلىش، قىرغىن قىلىش قاتارلىق قەبىھ سىياسەتلەرنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن مىللى زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ ، تېگىپلا كەتسە ئوت ئالىدىغان زەمبىرەككە ئايلاندى. ئوخشاشلا ئاز سانلىق مىللەرنىڭ ھەققانى تەلەپلىرى قاتتىق تەقىبلەندى ۋە دەھشەتلىك باستۇرۇلدى. ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر «بۆلگۈنچى ، تېرورىست» ،«پانئىسلامىست »،«پانتۈركىست» دېگەندەك نامىلار بىلەن ۋەھشىلەرچە ئۇجۇقتۇرۇلدى.

قايەردە بېسىم بولسا شۇ يەردە قارشىلىق بولىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان بولغان مۇتلەق ھەقىقەت.

ئۇيغۇر خەلقى ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلىدى ۋە تۆلەۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار تۆلىگەن بۇ بەدەلگە لايىق دۇنيادىكى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئەڭ ئەقەللى ھەق – ھوقۇقلارغا ئېرىشىشى كېرەك.

«غەرب شامىلى» مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەت تەققازاسىدا دۇنياغا كەلدى.ئۇ باراۋەرلىك، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىنى ۋە بۇ مەسىلىلەرنىڭ قانۇنى كاپالەتكە ئىگە بولۇشىنى مۇزاكىرە قىلىشنى ۋەزىپە، نىشان قىلىدۇ، ئۇيغۇر دىيارىدا دېموكراتىيەنىڭ پىلىكىگە ئوت يېقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. «غەرب شامىلى» يازار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەرقانداق سىياسى بەتنامغا قېلىشىغا سەۋەپكار بولۇشىنى خالىمايدۇ.

« ئىنسان ھەقلىرى ، دېموكراتىيە، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، تىنچلىق ، مۇستەقىللىق» قاتارلىق 6 شۇئار«غەرب شامىلى » نىڭ باش پىرىنسىپى. زور ئۆزگۈرۈش ھارپىسىدا تۇرغان يېڭى ۋەزىيەتنى كۈتۈۋېلىش ، ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىش، ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تېزلىتىش شۇنداقلا ئىنقىلاپ خاراكتېرلىك ئىددىيە ھەركىتىنى قوزغاش «غەرب شامىلى»نىڭ ئارزۇسى ۋە يۆلىنىشى.


«غەرب شامىلى » بىر سەھنە ،بۇ يەردە ھەركىم كارامەت كۆرسەتسۇن.

«غەرب شامىلى» بىر بۆشۈك، بۇ بۆشۈكتىن كېلەچەكنىڭ ئىگىلىرى، سىياسىيونلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى، ستراتېگىيەچىلىرى چىقسۇن.

«غەرب شامىلى» ئۆزىنىڭ بارلىق ئوقۇرمەنلىرى بىلەن بىرلىكتە گۈزەل كېلەچەككە يۈزلەنگۈسى.

# جاسارەت

# غەربىي ئېچىش - خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جۇمبەردىسى



غەربى رايوننى ئېچىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك، ئىستراتېگىيىلىك سىياسىتى بولۇپ، غەربى رايون - جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىن چوڭ چىڭ ، سى چۇەن ، گۈي جۇ، يۈن نەن ، شىزاڭ، شەنشى ،گەن سۇ، چىڭ خەي، نىڭشا، ئاتالمىش «شىنجاڭ» قاتارلىق 10 ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ، شەھەر ۋە « شىنجاڭ ئىشلەپ چىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقارا جەمئىيەتكە ئېلان قىلىۋاتقان جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم دائىرىسى. ئەمەلىيەتتە بولسا غەربى رايوننى ئېچىشنىڭ مەركىزى يەنىلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە «گۆھەر زېمىن» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئاتالمىش « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئى زېمىن بايلىقىنى بۇلاڭ -تالاڭ قىلىشنى قانۇنلاشتۇرۇش، خەلقارا جەمىيەتنى ئالداپ ئۇلاردىن كېلىدىغان تاشقى بېسىمنى ئازايتىش ئۈچۈن، غەربى رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك ئۇقۇم دائىرىسىنى قەستەن كېڭەيتىپ تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ .بۇنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ غەربى رايوننى ئېچىشقا دائىر ئېلان قىلغان ھۆججەت ماتېرىياللىرىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ .گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقاتىدا غەرىبنى ئېچىپ ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۇخرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈپ، شەرىق بىلەن غەرىبنىڭ پەرقىنى ئازايتىش، دىگەندەك كىشىلەرنى ئالدايدىغان چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئارقىسىغا ئۇيغۇرلارنى ئۈزۈل- كېسىل ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشتەك رەزىل، قارا نىيىتى يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1- تەبىئى بايلىق جەھەتتە. ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھۆكۈمىتى» تورىنىڭ «غەربى رايوننى ئېچىش » سەھىپىسىگە قويۇلغان غەربى رايوننى ئېچىشقا دائىر ھۆججەت ماقالىلاردا داۋاملىق «غەربى رايوننى ئېچىشتا ئەڭ مۇھىم بولغىنى يەنىلا شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىدىكى نېفىت، تەبىئى گاز، قېزىلما بايلىقلىرى مول بولغان ماكان، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم بازىغا ئايلاندۇرۇش

كېرەك ». دېگەن ئىبارىلەر ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غەربىي رايوننى ئېچىش نېگىزىدىن ئالغاندا ئۇيغۇر رايوننى ئېچىشتۇر. «شىنجاڭنى ئېچىش، تەبىئىي بايلىقلىرىنى بايقاش ،قېزىش، ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش »،نوۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىشتا تەكىتلەۋاتقان ئەڭ مۇھىم شۇئارى بولۇپ، غەربنى ئېچىشتىكى ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇش تۈرى بولغان «غەربنىڭ گېزىنى ۋە نېفىتىنى شەرققە يۆتكەش قۇرۇلۇشى ئۇيغۇر رايونىنىڭ بايلىقىنى خەلقارا جەمئىيەت ئالدىدا خالىغانچە بۇلاڭ- تالاڭ قىلغانلىقىنىڭ ماددىي ئىسپاتىدۇر.

ئۇيغۇر ماكانى تەبىئىي بايلىقى مول ماكان بولۇپ، ھازىرغىچە بايقالغان كان بايلىقلىرى 122خىلدىن ئاشىدۇ. بۇ پۈتۈن خىتاي دائىرىسىدە بايقالغان 162خىل كان بايلىقىنىڭ ٪ 76 نى ئىگىلەيدۇ .بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى دۇنيادا كام ئۇچرايدىغان قىممەت باھالىق كان بايلىقلىرى بولۇپ، 30 خىلدىن كۆپرەكى مىقتارى ۋە سۈپىتى جەھەتتە خىتاي بويىچە 1- ئورۇندا تۇرىدۇ .20خىلدىن كۆپرەكى 5-ئورۇندا تۇرىدۇ. 30خىلدىن كۆپرەكى ئالدىنقى 10- ئورۇندىن ئورۇن ئالغان . نېفىت ۋە تەبىي گاز جەھەتتە دۇنيا مىقياسىدىمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، خىتاي ئالىملىرىمۇ سەئۇدى ئەرەبىستان نېفىت زاپىسىدىنمۇ كۆپ دېيىشمەكتە. ئۇيغۇر ماكانىدىكى بۇ خىل مول تەبىئىي بايلىق مەنبەسى خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە بىر قىسىم خىتاي مۇتەخەسسىلىرىنىڭ «شىنجاڭ خىتاينىڭ كەلگۈسىدىكى ھاياتلىق ماكانى» دېگەن رەزىل پىلانىنى تۈزۈشكە سەۋەپ بولماقتا. شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقارادا كۈندىن - كۈنگە جانلىنىۋاتقان ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ۋە خەلقارا بېسىمىنىڭ تەسىرىدە بۇ گۆھەر زېمىندىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن خەلقارا جەمئىيەتنى ئالداپ ئاتالمىش« شىنجاڭ»نى ئېچىش،گۈللەندۈرۈش باناسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانىغا تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا ئورۇنماقتا. غەربىي رايوننى ئېچىش ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ بايلىقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش، ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن سىڭىپ كىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

2- سىياسىي جەھەتتە. غەربىي رايوننى ئېچىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى سىياسىي يول بىلەن باستۇرۇشنى بانا - سەۋەپ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە گەپ بولسىلا ئالدى بىلەن تەكىتلەيدىغىنى سىياسىي مۇقىملىق، ئۇيغۇرلار يۇرتىدا تېخىمۇ شۇنداق.خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتالمىش «شىنجاڭ»نى ئاچقۇچىلار ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارغا سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولغان ۋەزىيەت يارىتىشنى بانا - سەۋەپ قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدە غەيرى پىكىرلىك، مىللىي بۆلگۈنچى، دىنىي ئەسەبىي كۈچ دەپ قارىغان كىشىلەرنى خالىغانچە باستۇرۇپ، خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ «شىنجاڭ»غا بىمالال كىرىشىنى سىياسىي جەھەتتە ياخشى شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ .شۇڭا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا تاملارغا يېزىلغان «مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرەيلى»،«دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالايلى»، «مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى، قانۇنسىز دىنىي كۈچلەرنى بوشقىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەيلى»، «ئىككى خىل جىنايى ئۇنسۇرلارغا تېخىمۇ ئېغىرلىتىپ جازا بېرەيلى» دېگەندەك شۇئارلارنى ھەممە يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. غەربىي رايوننى ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ئىستراتېگىيەسىدۇر.



3- ئىقتىسادىي جەھەتتە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى 50 يىلدىن بۇيان قاتمال سىياسەت، قاتمۇ - قات بېسىم ،ئېغىر باج سېلىق، باشقۇرۇش ۋە تەستىقلاش ھالقىلىرىنى كۆپەيتىۋېتىش، رايون خارەكتېرلىك ئىگىلىكنى قوغداش سىياسىتىنىڭ بولماسلىق سەۋەبىدىن قالاق، نامرات، ھالەتتىن ھېچقانداق ئىلگىرلەشكە ئېرىشەلمىدى. ھازىرئاتالمىش «شىنجاڭ» دا جەمى 93 ناھىيە ۋە شەھەر بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 60تىن كۆپرەكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستاتىسكىسىدا نامرات ناھىيە ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيەلەردىن نامراتلىق سىزىقىدىن تۆۋەن تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقانلار ٪ 80 تىن ئاشىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى سىياسەتتە ئۇيغۇر بىلەن خىتايغا پەرىقلىق مۇئامىلە قىلىش، خىتايغا ئاستىرىتتىن ياردەم بېرىش ۋە كەڭ قول بولۇش بىلەن شىمالدىكى ئىشلەپ چىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى قارمىقىدىكى خىتايلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق مىللىي ئىشلەپ چىقىرىش قىممىتى ۋە كىرىمى ئاسمان زېمىن پەرىق قىلىدۇ.90- يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر ئىقتىسادىدا ئازىراق ئۆزگۈرۈش بولغاندەك قىلسىمۇ، بۇ پەقەت ئېلىپ- سېتىش شەكلىدىكى

ئۇششاق تىجارەت بولۇپ، بىر مەزگىللىك جان بېقىش رولىنى ئوينىيالايدۇ، خالاس. بۇ خىل شارائىتتا قانۇنى جەھەتتە چوڭ ئارقا تىرەككە، ئىقتىسادى جەھەتتە غايەت زور مەبلەغقە، سىياسى جەھەتتە ئىتتىۋارغا ئىگەبولغان خىتاي كارخانىلىرىنىڭ ئىچكىرى رايونلاردىن ئۇيغۇرلار يۇرتىغا كۆپلەپ مەبلەق سېلىشى، تېخى بىخ هالىتىدە تۇرغان ئۇيغۇر ئىقتىسادىنى تەلتۆكۈس گۇمران قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خارەكتىرىدىكى مىللى ئىگىلىكى تېخى باشلىنىش هالەتتە بولۇپ، مۇقۇم ئىقتىسادى مەنبەگە، سىياسى جەھەتتە قوللاشقا ئىگە ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋالدا غەرىپنى ئېچىش باناسى بىلەن ئۇيغۇرلار يۇرتىغا كەلگەن خىتاي كارخانىچىلىرى ئىقتىسادى ۋە سىياسى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى بىلەن خام ئەشيا ۋە مەھسۇلاتلارنى سېتىش بازىرىدا رىقابەتچىسىنى ئاسانلا ۋەيران قىلىۋىتىدۇ . ئۇيغۇر ئىقتىسادىنىڭ قالغىنى ئۇششاق ئېلىم - سېتىم تىجارىتى بولۇپ، بۇخىل ئىپتىدائى تىجارەت شەكلى ئاربىلقتىكى پەرىقنى ئاساسلىق پايدا مەنبەسى قىلغان. خىتاي خارخانىلىرىنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشى، ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش نوقتىلىرىنىڭ كۆپىيىشى، سېتىش ئۇسۇلىنىڭ كۆپ خىللىششى ۋە قاتناشنىڭ راۋانلىششى بىلەن رىقابەت مەيدانىدا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ . دېمەك غەربنى ئېچىش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىقتىسادى جەھەتتە زور بالايى ئاپەت ئەكىلىدۇ .



4- نوپۇس جەھەتتە. خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا قاراتقان نوپۇس سىياسىتى ئۇيغۇرلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقۇتىشدىكى ئىستىراتېگىيلىك سىياسەتلىرىنىڭ بىرى. خىتاي هۆكۈمىتى تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ نوپۇسىنى قەستەن ساختا مەلۇم قىلىش، ئۇچۇر مەنبەلىرىنى قامال قىلىش ۋاستىلىرى بىلەن « شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ ، نوپۇسى ئاز» دىگەن يالغان سەپسەتىنى كۆتىرىپ چىقىپ، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا تۇركۇملەپ كىرىشىنى قوللاپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار هەرخىل تەشۇىقات ۋاستىلىرىدا خىتاي ئاققۇنلىرىنى «شىنجاڭنى ئېچىشتىكى ئەمگەك كۈچلىرى،خەلىق ئىشچىلىرى» دىگەندەك چىرايلىق ناملار بىلەن پەردازلاپ، ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ، ئاهالە كومىتىتلارنىڭ ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا سەپەرۋەرلىك قىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ماكانلىششىغا ۋە جان بېقىشىغا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بىرىش ئۈچۈن هەرخىل مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، ئىتتىۋار بىرىش تۇرلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردى. بۇنداق مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ۋە قانۇنى كاپالىتى بىلەن ئىشلەۋاتقان خىتاي ئاققۇنلىرىنى ئۇيغۇر رايونىنىڭ هەممە يەرلىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ.خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا خىتاي ئاققۇنلىرىغا قاراتقان بۇنداق ئەۋزەل سىياسىتى خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا تۇركۈملەپ چىقىشىنى كەلتۇرۇپ چىقارماقتا. 1999-يىلى 3-ئايدا ئۇرۇمچى شەھەرلىك تېلىۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە قانىلىنىڭ ئېلان قىلغان خەۋىرىدە « هازىر كۈنىگە ئىچكىرىدىن چىقىۋاتقان خەلىق ئىشچىلىرى 12مىڭدىن ئاشىدۇ . بۇلارنىڭ بېخەتەر چىقىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ۋوگزال، ئاۋئىاتسىيە ۋە هەر قايسى قاتناش تارماقلىرى يېقىندىن ياردەملىشىپ، خەلق ئىشچىلىرىنىڭ سەپىرىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك» دىيىلگەن .

دېمەك خىتاي هۆكۈمىتى ئەمىلىي سانىنى ئاز مەلۇم قىلىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر رايونىدا خىتايلارنىڭ نوپۇس جەھەتتىكى ئۇستۇنلۇكنى قولغا كەلتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارغا بولغان تەبئى بېسىمنى كۈچەيتىش ئۈچۈن زور تۇركۈمدىكى خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا كىرىشىنى تىزلىتىۋاتىدۇ . غەرىپنى ئېچىش خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا نوپۇس يۆتكەشتىكى بىر تاكتىكىسى بولۇپ، خىتاي هۆكۈمىتى «غەربنى ئېچىش ئىقتىساسلىقلارغا مۇهتاج» دىگەن شۇئارىنى كۆتىرىپ چىقماقتا . ئۇلار ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ، خەلقارا جەمىيەتنىڭ كۆزىنى بوياپ، رەزىل نىيىتىنى يېپىش ئۈچۈن ئاتالمىش«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى »نىڭ هېچقانداق ئەملى هوقۇقى بولمىغان قورچاق باشلىقى ئابلەت ئابدۇرىشىتنى ئۆمەك تەشكىللىتىپ ئىچكىرىدىكى خىتاي «ئىقتىساسلىقلىرى» نى ئاتالمىش «شىنجاڭ» غا تەكلىپ قىلدۇرۇشى، بۇ نوقتىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي هۆكۈمىتى « غەرىپنى ئېچىشتا شىنجاڭ ئىقتىساسلىق خادىملارغا ، ئادەم كۈچىگە مۇهتاج » دىگەن شۇئارىغا ماسلىشىپ «2002- يىلدىن باشلاپ ئۇقۇش پۈتتۈرگەن ئۇقۇغۇچىلار خىزمەتكە ئورۇنلۇشۇشتا نوپۇس چەكلىمىسى بولمايدۇ»، دېگەننى ئېلان قىلدى. بۇ

ئىچكىردىكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىزمەت تېپىشى تەس بولغان ئەھۋالدا تۈركۈملەپ ئۇيغۇر رايونىغا كېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلىشىشىغا قانۇنلۇق شارائىت يارىتىپ بەردى. چۈنكى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئاتالمىش «شىنجاڭ»دا خىزمەتكە ئورۇنلاش- تۇرۇشتا، پۈتۈن ھوقۇقنى قولىغا ئېلىۋالغان خىتاي باشلىقلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ئىچكىر ئۆلكىلەرگە بېرىپ خىزمەت تېپىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئۇيغۇر رايوننى قولىغا ئېلىۋالغان خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇققان، جەددى- جەمەتنى، دوس- بۇرادەرلىرىنىڭ بالا چاقىلىرىنى ئۇيغۇر رايونىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ۋە ئۇيغۇر رايونىغا تۈركۈملەپ خىزمەت تېپىشقا كەلگەن خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىدىن پارا ئېلىپ باي بولۇشنىڭ ياخشى پۇرستى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي ھۆكۈمىتى «شىنجاڭغا بارغانلار ھۆكۈمەتنىڭ ئەۋزەل سىياسىتىدىن بەھرىمان بولىدۇ» دېگەننى تەشۋىق قىلىۋاتقان ئەھۋالدا، خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەس - بەس بىلەن ئۇيغۇر رايونىغا كېلىشى ئېنىق. ئۇندىن باشقا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا زور ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بىلەن خىتاي كارخانىچىلىرىنى تەكلىپ قىلىشى يەنىبىر زور تۈركۈمدىكى خىتاي ئاققۇن ئىشلەمچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا كىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئەسلىدىن ئىشقا ئورۇنلىششى ناھايىتى قىيىن بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىششىنى تېخىمۇ قىينىلاشتۇر- ىۋاتىدۇ. ھازىر ٪1 ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشش نىسپىتى ئۇ چاققا بارغاندا ٪0 گە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. يىغىپ ئېيتقاندا غەربى رايوننى ئېچىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا زور كۆلەمدىكى نوپۇس يۆتكەشتىكى يەنە بىر قېتىملىق تاكتىكىسىدىن ئىبارەت.



5- مەدەنىيەت جەھەتتە. ئۇيغۇر خەلقى خىتايلار بىلەن تىل، مەدەنىيەت، ئەنئەنە، ئەخلاقى قاراشلار جەھەتتە تۈپتىن پەرىقلىنىدىغان خەلق بولغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى يوقۇتۇشتا ئالدى بىلەن مىللى مەدەنىيەتنى يوقۇتۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى ئېڭىنى سۇسلاشتۇرغاندىلا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تۇيغۇسىنى يوقاتقىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى يوقۇتۇشنى ئويلاپ كەلدى. بولۇپمۇ 90-يىللاردىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ رەزىل نىيىتىنى تېخىمۇ ئاشكارىلىدى. ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھەرخىل ھۆججەتلەرنى تارقىتىپ، ئىدارە - جەمئىيەتلەردە، مەكتەپلەردە ئۇيغۇر ئىشچى- خىزمەتچىلىرىنىڭ، ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇ- چىلارنىڭ ئۇيغۇرچە كىيىنىشىنى، ئۇيغۇرچە ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشنى قاتتىق چەكلىدى. چەكلەش ھەتتا شۇ دەرىجىگە باردىكى ئوغۇللارنىڭ بۇرۇت قويۇشنى، قىزلارنىڭ ئۇزۇن كۆينەك كىيىشى ۋە بېشىغا ياغلىق سېلىشى، دوپپا كىيىشنى چەكلەپ، بۇنداق كىيىنگەنلەرنى مىللى ھېسسىياتى كۈچلۈك، بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى بار دېگەننى بانا قىلىپ،ئۇلارغا قاتتىق بېسىم ئىشلەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە بۇنىڭلىق بىلەن قالماي ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىل خارەكتېرلىك، سىمۋول خارەكتېرلىك ئىمارەتلىرىنى، سەيلىگاھلىرىنى، كوچا- مەھەللىرىنى، قول- ھۈنەر- سەنئەت ئىپادىلىرىنى تەرەققىيات دېگەن ساختا سەپسەتىسىنى كۆتىرىپ چىقىپ، بوزۇپ- چېقىش ، ۋەيران قىلىش بىلەن ھەپىلىشىۋاتىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئورنىغا تىپىك خىتاي مەدەنىيەت ئۇسلۇبىدىكى . راۋاقلارنى، بىنالارنى سېلىۋاتىدۇ. غەربىنى ئېچىش بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دەل مۇشۇ رەزىل نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى نەيرەڭۋازلىقىدىن ئىبارەت.خۇددى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتىنىڭ فرافسورى چى چىڧۇ«غەربى رايوننى ئېچىش بىر قېتىملىق مىسلىسىز مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھېساپلىنىدۇ ،سىزنىڭ خالىشىڭىز ياكى خالىماسلىقىڭىزدىن قەتئى نەزەر بۇنداق ئالماشتۇرۇش ئاخىرى يېتىپ كېلىدۇ»، دېگىنىدەك غەربى رايوننى ئېچىش ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ تەلتۆكۈس يوقۇلۇش قىسمىتىگە دۇچار بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆز مەدەنىيىتىدىن ئايرىلغان مىللەت ھالاكەتكە يۈزلەنگەن مىللەتتۇر. بۇ خىل ھالەت ئالدى بىلەن تىل جەھەتتىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بەجبۇرى ئاسمىلاتسىيەسىدىن باشلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزى تۈزگەن ئاپتونومىيە نىزامىدىكى «ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدا ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى ئازسانلىق مىللەت تىل- يېزىقى بىلەن بولىدۇ»، دېگەن بەلگىلىمىلەرنى نەزەرگە ئالماي ئۇيغۇر تىلىنى ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدىن پۈتۈنلەي سىقىپ چىقارغان بولسا، ئەمدى مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈشنى چەكلەپ، ئۇيغۇر تىلىنى پەقەت ئائىلە تىلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ دەل تىلغا باغلانغان

مەدەنىيەت ئاساسلىرىنىڭ مىسلىسىز يوقۇتۇشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىن دىرەك بىرىدۇ .

غەربىي رايوننى ئېچىش شۇئارى – ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش بولسىمۇ لېكىن، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرەققىيات نامى بىلەن ئۇيغۇرلارغا سىمۋول خارەكتىرلىك، بەلگە خارەكتىرلىك بولغان، مەدەنىيەت ئامىللىرى روشەن ئىپادىلىنىدىغان قۇرۇلۇشلارنى، مەھەللىلەرنى، كوچا، يوللارنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى بۇزۇپ- چېقىش، يول ياساش، بىنا سېلىش باناسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەمئىيەتتىكى كىملىكىنى، روھى تۈرىكىنى ۋەيران قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ يېڭى سېلىنغان بىنالارغا زور كۆلەمدە خىتايلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىدۇ ھەم يېڭى ئۆزگەرتىلگەن يەرلەرنىڭ بۇرۇنقى چىرايلىق ئۇيغۇرچە ناملىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، يېڭىدىن خىتايچە ئىسىملارنى قويۇۋاتىدۇ. بۇ خىل خىتايلاشقان مۇھىت ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتىگە، ياشاش مۇھىتىغا، ئەخلاق ئۆلچىمىگە ،قىممەت قارىشىغا ئېغىر زەربە بولىۋاتىدۇ ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ «غەربىنى ئېچىش» سىپىغا قوشۇلغان زور تۈركۈمدىكى خىتاي ئاققۇنلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن يېڭى ئۆزگەرتىلگەن ئۇيغۇر مەھەللىرىگە ماكانلىشىپ «ساتىراشخانا»، «ساگنا»، «سوغاق ئېچىملىك دۇكىنى» دېگەندەك ناملار بىلەن شەكلى ئۆزگەرگەن پاھىشىخانىلارنى ئېچىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللارنى ئۇيغۇرلار يۇرتىدىكى بارلىق ناھىيە شەھەرلەردىن كۆپلەپ كۆرگىلى بولىدۇ. گەرچە ھۆكۈمەت بۇخىل قانۇنسىز ئىشلارغا ئېغىر زەربە بېرىدىغانلىقىنى تەشۋىقاتلىرىدا داۋاملىق تەكرارلاپ تۇرسىمۇ، ھەممە ئادەم بىلىدىغان ۋە ھېس قىلالايدىغان بۇ خىل قانۇنسىز قىلمىشلار ساقچىلارنىڭ زەربە بېرىشىگە ئەمەس بەلكى قوغدىشىغا ئېرىشىۋاتىدۇ. بۇ ئېنىقكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقى قارىشى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىشتىكى يەنە بىر تاكتىكىسى. ئەگەر بۇخىل ھالاكەت يەنە داۋاملاشسا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخ مۇزېيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يىتىمسىراپ تۇرىدىغانلىقى ئېنىق .

6– مۇھىت جەھەتتە . ئۇيغۇر رايونىنىڭ مۇھىت بۇلغۇنۇشىنى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا دېيىشكە بولىدۇ. ئەسلىدىن مۇھىتنى قوغداش ئېڭى تۆۋەن خىتاي ھۆكۈمىتى تەبىئى ئوتلاق، ئورمان،توغراق رايونلىرىدا قالايمىقان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، لوپنۇر قۇملىقىدا توقتىماي ئاتوم بومبىسى سىناق قىلىش نەتىجىسىدە بۇلغانغان مۇھىت، خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ كۆپلەپ كېلىشى بىلەن تېخىمۇ ناچارلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. 80– يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇر رايونىغا باي بولۇش ئاماسىدا چىققان خىتاي ئاققۇنلىرى، قوغدىلىشى زۆرۈر بولغان تەبىئى ئوتلاق رايونلىرىدا قالايمىقان دورىلىق ئۆسۈملىكلەرنى قېزىش، قارلەيلىسگە ئوخشاش بىر قىسىم ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ئەتىۋارلىق ئۆسۈملىكلەرنى يىلتىزىدىن يوقۇتۇش، قالايمىقان كان بايلىقلىرىنى ئېچىش، تەبىئى ئورمان ۋە توغراقلىقلارنى كېسىش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، يىپىنچا ئۆسۈملىكلەرنى ۋەيران قىلىش، نەتىجىسىدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىگە يېتىپ قالدى. نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە نۇرغۇن تەبىئى توغراق رايونى قۇرۇپ كەتتى.تارىم دەرياسىدەك ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇغلۇق دەرياسىمۇ قۇرۇپ كېتىش تەقدىرىگە دۇچ كەلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى مۇھىتنىڭ بۇلغۇنىشىغا قارىتا قاتتىق تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق تەدبىر قوللانغىنى يوق. بۇ پەقەت غەربىي رايوننى ئېچىشتا باشقىلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قوللانغان تەشۋىقاتتىنلا ئىبارەت.

غەربىي رايوننى ئېچىش ئۇيغۇر رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى يەنە بىر قېتىم ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر رايونلىرىدا بايلىق ئىزدەش،تەكشۈرۈش، قېزىش،گاز ۋە نېفتنى شەرققە يۆتكەش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىشتا غەرپ ئەللىرىدەك مۇھىت قوغداشنى بىلىدىغان مۇتەخەسسىلەرنىڭ، يۇقۇرى تېخنىكىلىق ماشىنىلارنىڭ ياردىمىدە چارلاش، قېزىش ئېلىپ بارماستىن بەلكى پەقەت بايلىق ئېلىشنىلا مەخسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن نېفتىقا،گازغا ئوت كېتىش ياكى باشقۇرالماي ئېتىلىپ چىقىپ كېتىش، كانىلار غۇلاپ چۈشۈش، پارتىلاش يۈز بېرىش، ئورمانلار، توغراقلار ۋەيران بولۇش قاتارلىق ئاپەتلەر يۈز بېرىپ تۇرۇدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «غەربىنى ئېچىش سېپىدىكى ئاققۇنلار»، «ئىقتىساسلىقلار»، «خوجايىنلار» خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا تەكلىپ قىلغان «مېھمانلىرى» سۈيىتىدە قانۇنسىز بوز يەر ئېچىش،كىرەكسىز سۇ، گازلارنى خالىغانچە قويۇۋېتىش، تەبىئى بايلىق ۋە ئۆزرەللىكلەردىن خالىغانچە پايدىلىنىش نەتىجىسىدە ياشاش مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى ۋە بوستانلىقلارنىڭ قۇملىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

دېمەك خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىينى ئېچىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن بولماستىن بەلكى غەربىنى ئېچىش ۋاستىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقۇتۇشتىن ئىبارەت.



# يىللار سىرى- ھايات نۇرى

ئەخمەت ئىگەمبەردى

شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىنىڭ بىرى، خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇلۇغ مۇجاھىد،ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، مەشھۇر يازغۇچى ۋە جامائەت ئەربابى زىيا سەمەدى بۇ يىل15-ئاپرېل كۈنى ھايات بولسا 90ياشقا تولغان بولاتتى.

زىيا سەمەدى1914-يىلى تالدىقورغان ۋىلايىتىنىڭ ياركەنت ناھىيىسى خونخەي يېزىسىدا تۇغۇلغان.ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنقىلاۋى پائالىيىتىنى1934-يىلى غۇلجىدا مەدەنى- مائارىپ ئىشلىرىدىن باشلىغان بولۇپ،1937-يىلى ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋى پائالىيىتى سەۋەبىدىن جاللات شىڭ شىسەي تۈرمىسىگە تاشلىنىپ،7 يىللىق ئېغىر تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن.1944-يىلدىكى ئىنقىلاپنىڭ بېسىمى بىلەن تۈرمىدىن بوشۇتۇلغاندىن كېيىن، ئېلىدا قۇرۇلغان «شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى»دە مۇھىم خىزمەتلەردە بولغان.

زىيا سەمەدى ئەدەبىيات سېپىمىزگە دراماتورگ سۈپىتىدە قوشۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوينالغان سەھنە ئەسەرلىرى ئىچىدە «قانلىق داغ»،«زۇلۇمغا زاۋال»،«غېرىپ-سەنەم» درامىلىرى بىلەن30-يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولغان ئىدى.

زىيا سەمەدى 1949-يىلدىن 1961-يىلغىچە شەرقى تۈركىستاننىڭ مەدەنى- مائارىپ، ئەدەبىي- سەنئەت،ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەردە بولغان.ئۇ خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە قارشى دادىللىق بىلەن كۆرەش قىلىپ، مىللى مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆزىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى قوشقان.

خىتاي مىللەتچىلىرى 1951-يىلدىكى يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى كۆرەشتە ئابدۇرېھىم ئەيسا، زىيا سەمەدى باشچىلىقىدىكى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنپەتىگە سادىق بىر قىسىم كادىرلارنى يوقۇتۇشقا قانلىق قولىنى ئۇزاتتى. مۇشۇنداق تەڭسىز ھايات-ماماتلىق كۆرەش جەريانىدا زىيا سەمەدى ئۆزىنىڭ يۈكسەك تالالانتى،سۇنماس ئىرادىسى،ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە شەرقى تۈركىستاننىڭ مەنپەتىگە سادىق قەلبى بىلەن خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە قارشى قەتئى ئىرادە بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئەينى چاغدىكى ئاتالمىش«شىنجاڭ»نىڭ باش سېكرىتارى بولغان ۋاڭ ئىنماۋنى قاتتىق مات قىلغان ئىدى. شۇ سەۋەپ خىتاي مىللەتچىلىرى ئۇنى كۆزگە قادالغان مىق دەپ قاراپ، 1958-يىلى «يەرلىك مىللەتچى»دېگەن نام بىلەن ئەمگەك مەيدانىغا سۈرگۈن قىلدى.

زىيا سەمەدى 1961-يىلى ئائىلىسى بىلەن قازاقىستانغا يېنىپ چىققان بولسىمۇ، زۇلۇم ئاستىدا قالغان ۋەتىنىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ ئازاپ-ئوقۇبىتى ۋە دەرت- ھەسرىتىنى ئېسىدىن بىر كۈنمۇ چىقارمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ «مايىمخان»،«يىللار سىرى»،«غېنى باتۇر»،«ئەخمەت ئەپەندى» قاتارلىق يىرىك رومانلىرى، «دەرتمەننىڭ زارى»،«بىر تال پاپىروس»،«ئۆرۈك گۈللىگەن چاغدا»قاتارلىق قىسسىلىرى ۋە «ئا پارخان» قاتارلىق ئەسەرلىرى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىقىغا ۋە ئىنقىلاۋى كۆرەشلىرىگە بېغىشلانغان ئىدى.ئۇنىڭ ھاياتى ۋەتەن،خەلقىغە بېغىشلانغا شانلىق ھايات. ئۇ تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ۋەتىنى-شەرقى تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن قەلەم ۋە ئەلەم كۆرۈشىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتمىدى.

1952-يىلى مېنىڭ يېڭىدىن خىزمەتكە چىققان ۋاقىلىرىم ئىدى. بۇ ۋاقىتلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەن دەسلەپكى يىللىرى ئىدى.خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ زېمىندىكى ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە بوشلۇقى سەۋەبىدىن ئىنتايىن ئېھتىياتچان سىياسەت يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەرخىل تەشۋىقاتلىرىدا «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭغا قارشى 3ۋىلايەت ئىنقىلاۋى،سېۋىت ئىتتىپاقىنىڭ خالىس ياردىمى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللاپ قۇۋەتلىشى، دانا داھىمىز-رەئىس ماۋزېدوڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بىلەن شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولدى»،دەپ شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ تۆھپىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قوياتتى.لېكىن ئۇلار باشقا شەكىللەر بىلەن ھەرخىل ئويۇن ۋە ھەركەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئازىراقلا دادىل پىكىر قىلالايدىغان ئادەم بولسىلا ئاتالمىش «خەلق»پىكىرىنى توپلاپ بىر يولىدىلا زەربە بېرىپ يوق قىلاتتى. شۇ يىلى يازلىق تەتىلدە ھۆكۈمەت ئورۇمچى


ۋىلايىتىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىۋېلىپ مەجبۇرى سىياسى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. بۇ يىغىن ئۈرۈمچى شىمالى دەرۋازىدىكى 1-دارىلمۇئەللىمىننىڭ مەكتەپ مەيدانىدا ئېچىلغان ئىدى. مەن زىيا سەمەدى ئەپەندىنى مۇشۇ قېتىملىق چوڭ يىغىندا بىرىنچى قېتىم كۆرگەن ئىدىم. مەكتەپ مەيدانىنىڭ شىمالى تەرىپىگە ۋاقىتلىق سەھنە ياسالغان بولۇپ، سەھنە تۆرىگە ماۋزېدوڭنىڭ رەسمى ئېسىلغان ئىدى. سەھنىدىن زىيا سەمەدى قاتارلىق بىر قىسىم يىغىن رىياسەتچى-لىرى ئورۇن ئالغان ئىدى. مەيداندا ئورۇندۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىز-يىغىن قاتناشقۇچىلىرى داق يەردىلا ئولتاردۇق. يىغىن قاتناشچىلىرى بىرقانچە يۈز كىشىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئاساسەن ئۈرۈمچى شەھرى ۋە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار ئىدى. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇر،قازاق، تاتار، ئۆزبېكلەر ئىدى.خىتايلار ناھىيىتى ئاز بولۇپ مەيداننىڭ بىر چېتىدە ئولتۇراتتى. يىغىن رەئىسىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كىيىن شۇ چاغدىكى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى زىيا سەمەدى ئەپەندى سۆزگە چىقتى. ئۇ باشتىن ئاخىر ئۇيغۇر تىلىدا نۇتۇق بايان قىلدى.خىتايلار ئۈچۈن تەرجىمان ئىشلىتىلگەن ئىدى.زىيا سەمەدى بۇ چاغدا تېخى 40ياشلارغا كىرمىگەن كىلىشكەن، قامەتلىك يىگىت ئىكەندۇق. بىز يىغىن ئەھلى مۇشۇنداق بىر رەھبىرىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن قاتتىق ھاياجانلانغان ئىدۇق.

ئارىدىن ئۇزۇن زامانلار ئۆتتى. مەن زىيا سەمەدى ئەپەندىنى ئارىدىن 40يىل ئۆتۈپ،1992-يىلى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە چاقىرىلغان شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيىدا ئىككىنچى قېتىم قايتا كۆردۈم. بۇ قېتىم زىيا ئەپەندى قۇرۇلتايغا ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقارادىكى مەشھۇر شەخسلىرى سۈپىتىدە قاتناشقان بولۇپ، قۇرۇلتاي ئەھلىگە ناھايىتى مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنىڭ يېڭى بوغۇنلىرىغا ناھايىتى چوڭ ئۈمىدلەر بەرگەن ئىدى.

مەن 1998 يىلى ماي ئېيىنىڭ ئاخىرى ئالماتاغا باردىم. ئالماتادىكى دوستۇم شائىر دولقۇن ياسىن ۋە خانىمى مېنى زىيا سەمەدى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە باشلاپ باردى. بىزنى زىيا ئەپەندىنىڭ قىزى بىلقىز كۈتىۋالدى.بىز مېھمانخانىغا كىرىپ ھايال ئۆتمەي ئۇ زات بىلەن دىدارلىششقا مۇيەسسەر بولدۇق. گەرچە ئۆزى ئورۇقلاپ، شالاڭ چاچلىرىغا ئاق كىرگەن بولسىمۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ناھايىتى تېتىك، مەغرۇر كۆرۈنەتتى. بىز بىر نەچچە سائەت قىزغىن سۆھبەتتە بولدۇق. زىيا ئەپەندى ئۆزىنىڭ يىراق ئەسلىمىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، ۋەتەن دەۋاسى ھەققىدە ناھايىتى قىزغىن سۆزلىدى. ئۇ ۋەتەن دەۋاسى ھەققىدە توختالغاندا؛دەۋايىمىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئىتتىپاقلىق ئىكەنلىكى، ۋەتىنىمىزنىڭ چوقۇم ئازات بولۇدىغانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ تەڭ كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەكلىكىنى بەكرەك تاپىلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا ۋە كېسەلچانلىقىغا قارىماي ھايات خاتىرلىرىنى يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپتۇ. بىز سۆھبەتتىن كىيىن يازغۇچىمىزغا ئۇزۇن ئۆمۈر، تىنىگە سالامەتلىك تىلەپ خوشلاشتۇق. ياخشى تىلەكلەر پەقەت كۆڭۈلنىڭ تەسەللىيلىرى بولۇپ قېلىۋېرىدىكەن، ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىگە، تەقدىرنىڭ بۇيرۇقىغا ئىنساننىڭ ئىقتىدارى قابىل ئەمەس ئىكەن. مەن2000 -يىلى20- نويابىردا زىيا ئەپەندىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. بەلكىم تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ خەۋەر ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك. مەن شۇ ھامان زىيا ئەپەندىمنىڭ ئائىلىسىگە تەزىيە تېلېگراممىسى سېلىپ،ئۆزۈمنىڭ ھەسرىتىمنى بىلدۈردۈم.2003- يىلى 28-ئىيون كۈنى ئالماتاغا يەنە بىر قېتىم كېلىش پۇرسىتى بولدى. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئالماتادىكى كاتتا باي دىلمۇرات قوزىبېفنىڭ 50ياشلىق تويىغا كەلگەن چەتئەلدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر مېھمانلار ۋە ئالماتادىكى يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا «دۇرۇژبا» قەبرىستانلىقىدىكى زىيا ئەپەندىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاش پۇرسىتىگە نائىل بولدۇم. قەبرە بېشىغا تاش ئابىدە ئورنۇتۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مەرھۇمنىڭ ئىسمى ۋە تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىللىرى تولۇق ئۇيۇلغان. بىز قەبرە ئالدىدا سەپ تۈزۈپ سۈكۈتتە تۇردۇق.كۆز ئالدىمغا زىيا ئەپەندى بىلەن 1-2-3-قېتىم كۆرۈشكەن چاغدىكى يارقىن سىماسى كەلدى.خەتمە قۇرئاندىن كىيىن ھەممىمىز مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدۇق.

مەن يول بويى قاتتىق خىيالغا پاتتىم. «ئۇ ئۆلمىدى، جىسمى ئۆلگەن بىلەن روھى ئۆلمىدى»دەيتى يۈرىكىم ئۆز-ئۆزۈمگە. ئۇ ھەققەتەن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەن يازغۇچىمىز، ۋەتەن دەۋاسىدىكى ھارماس مۇجاھىدىمىز ئىدى. ئۇ بۇ دۇنيادىن ۋەتىنىنىڭ،خەلقىنىڭ ئازاتلىقىنى كۆرەلمەي ئارماندا كەتتى. ئىشىنىمىزكى ئۇنىڭ ئارمىنى پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ، ۋەتەن سۆيەر ئەركەكلەرنىڭ ئارمىنى. بىز ئۇنىڭ يولىدا كىتىۋاتقان سانسىز ئەزىمەتلىرىمىزنى كۆرۈۋاتىمىز. ئىنشاھ-ئاللا ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولغاي.

2002-يىلى نويابىر سىدنىي



# قەھرىمان قىزلىرىمىزنىڭ سەردارى- يەتتە قىزلىرىم

ئەخمەتجان قادىر

تارىخنى غالىپلار ۋە قەھرىمانلار يارىتىدۇ ھەم يازىدۇ. كۆپىنچە ئاجىز مىللەتلەرنىڭ تارىخى ئۇلار تەرىپىدىن خورلۇققا دۇچار بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇلغان بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئاجايىپ سەلتەنەتلىك ۋە قان ياشلىق تارىختۇر. بولۇپمۇ 500 يىلدىن بۇيانقى جەڭگىۋار تارىخىمىزنى باتۇر، قەھرىمانلىرىمىز، ئېچىنىشلىق پاجىئەگە تولغان ساپ قانلىرى بىلەن يېزىپ چىقتى. مۇقەددەس تۇپرىقىمىزنىڭ ھەر بىر قەدەم يېرىدە ئۇلارنىڭ باتۇرلۇق قىسسىلىرى ۋە ئىزلىرى قالدى. بىراق يېقىنقى ئاسارەتلىك تەقدىرىمىز جىسمىمىزدىن تارتىپ تاكى روھىمىزغىچە سىڭىپ كەتتى. تارىخىمىزنى ساختا يېزىپ، بىزگە ئۆگۈتىۋاتقانلار، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ھاجايىپ قەھرىمانلىقىمىزنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، غورۇرىمىزغا ھاقارەت قىلىدىغان مەھكۇملۇق تارىخىمىزنى يېزىپ چىقىپ، ياش ئەۋلادلارنى مىللەتنىڭ جەڭگىۋار روھىدىن، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان، خورلۇقتىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلىدىغان جاسارىتىدىن مەھرۇم قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە خو يۈەنجا، دوڭ سۈگرۈي، خۋاڭ جىگۋاڭنى بىلىدىغانلار يەتتە قىزلىرىم، سادىر پالۋان، نۇزۇگۇم ۋە زىيەخرۇللامنى بىلىدىغانلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ. بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ھەقىقى تارىخىدىن، قەھرىمانلار شەجەرىسىدىن مەھرۇم قالسا مىللەت ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ۋە مەۋجۇتلىقىنى يوقىتىدۇ. مىللەتنىڭ روھىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن قەھرىمانلار روھىنى تىرىلدۈرۈش كېرەك.

1765-يىلى يازنىڭ تۇن قاراڭغۇسى، زۇلۇم تۈننى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. تاغ چوققىسىدا يەتتە ئۆركەر يۇلتۇزى يارقىن نۇر چاچاتتى. قاراڭغۇلۇق بارغانچە قويۇقلاشماقتا ئىدى. ئەتراپتىن مۇدھىش ئۆلۈمنىڭ ھىدى كېلەتتى. يەتتە ئۆركەر يۇلتۇزىنىڭ نۇر تالالىرى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقنىڭ باغرىغا سانجىلاتتى. بىردىن تاغ چوققىسى قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. يەتتە ئۆركەر يۇلتۇز بۇ ئېزىز تۇپراق-ئانا ماكانغا قانمىغاندەك بوشلۇقتا تارام - تارام ياشلىرىنى قالدۇرۇپ، بىپايان بوشلۇقتىكى يۇلتۇزلار دۇنياسىغا سىڭىپ كەتتى. بۇ زېمىن تېخىمۇ زۇلمەتكە چۆمدى.

بۇ، بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتىرىلىپ كەتكەن، ئۇيغۇر تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان قەھرىمان يەتتە قىزلىرىمىزنىڭ روھى ئىدى. ئۇلار بۈگۈنكى مەھكۇملۇقىمىزنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە مىراس قالدۇرغان ئىستىبدات مانجۇ خانلىقىغا قارشى قوزغالغان ھۆرلۈك قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىلىرى ئىدى.

1759-يىلى مانجۇ خانلىقى پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىنى ئۆز ئىستىلاسىغا ئالغاندىن كېيىن ئاچ كۆز، قانخور مانجۇ ئەمەلدارلىرى خالىغانچە باج سېلىق سېلىش، يىللاپ - يىللاپ ھاشارغا تۇتۇش، قانلىق قېلىچىنى ئىشلىتىپ زومىگەرلىك قىلىش، خوتۇن قىزلارنى خالىغانچە ئاياق- ئاستى قىلىشتەك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياۋۇزلۇقلىرى چېكىدىن ئاشتى.

1765-يىلى يەنى مانجۇ ئىستىلاسىنىڭ 5-يىلى ئۈچتۇرپاندا مانجۇ باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆرلۈك قوزغىلىڭى بولدى. قوزغىلاڭ بېيجىڭغا جىگدە ئېلىپ ماڭغان 240 ھاشارچىنىڭ يۇرت كاتتىسى رەخمۇتۇللا بەگ باشچىلىقىدا ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن تارىختا بۇ قوزغىلاڭ "جىگدە يىغىلىقى" دەپ ئاتالدى. ئۇلار رەھمۇتۇللا بەگنىڭ يېتەكچىلىكىدە سان جەھەتتە تىز زورىيىپ، ئىنىسى ئەسمۇتۇللا بەگنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئۈچتۇرپان قەلئەسىنى قولغا ئالغان. قەلئە قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن پۈتۈن ئۈچتۇرپان دائىرىسىدە يېزا -قىشلاقلاردىنمۇ ئادەملەر كېلىپ قوشۇلغان. ئۈچتۇرپاننىڭ قولدىن كەتكەنلى- كىنى بىلگەن چىڭ خاقانى ئۈچتۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا

قارشى ئاتسۇ، قەشقەر ئامباللىرىنى ھەتتا ئېلىدىكى باش ئىشتاپ قوماندانلىرىنىمۇ ئىشقا سالغان. ئۈچتۇرپان قوزغىلاڭ- چىلىرىنىڭ قەلئەنى قوغداش ئۇرۇشى توپتوغرا 6 ئاي داۋاملاشقان. بۇ قېتىمقى قەلئە مۇداپىيەسىگە قەلئە ئىچىدىكى بارلىق كىشىلەر يەنى بوۋايلار، مومايلار، باللار ھەتتا ئېغىر ئاياق ئاياللارمۇ قاتناشقان. قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى رەھمۇتۇللابەگ بىلەن ئىسمۇتۇللا بەگنىڭ سىڭلىسى بولغان مايسىخان باشچىلىقىدىكى غۇنچە قىز، دىلبەرخان، زۆھرەگۈل، قەمبەرنىسا، گۈلئايىم، ئەختەرنىسا قاتارلىق يەتتە قىز قەلئە مۇداپىيە ئۇرۇشىنىڭ قابىل سەركەردىلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار ئالدىنقى سەپتە ئەرلەر بىلەن تەڭ جەڭ قىلىپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن. قەلئە قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئاكىلىرى رەخمۇتۇللابەگ ۋە ئىسمۇتۇللا بەگلەردىن ئايرىلىپ قالغان مايسىخان قوزغىلاڭچى قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلىپ، مۇلچەرتاغ ئۈستىگە قاراپ چېكىنگەن. ئۇلار تاغ ئۈستىدە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ۋە كۈچلۈك دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قالغاندىن كېيىن، مايسىخان قوزغىلاڭ- چى قوشۇننىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىش مەخسىتىدە، ئۇياقتىن شەپە بىرىپ بۇياقتىن يول ئېچىش ئۈچۈن يەتتە قىز تاغ باغرىدىكى دۈشمەن قاراۋۇلخانىسىغا بېسىپ كىرگەن. بىراق دۈشمەن ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي چېكىنىش يولىدا تاغ چوققىسىدىكى يار لېۋىگە قاپسىلىپ قالغان. ئۇلارنى پەقەت ئۆلۈم كۈتۈپ تۇراتتى. بىرى دۈشمەن قولىدا خورلىنىپ ئۆلۈش، يەنە بىرى پاك ئىپپىتى، غورورى، ۋىژدانى بىلەن ئۆلۈش ئىدى. بۇ يەتتە قىز مىللەتنىڭ يەتتە ئۆركەر يۇلتۇزى ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ پىداكارلىقى قورقۇم- سىز جاسارىتى، پاكلىقى، مىللەتنىڭ ئار- نومۇسىنى ھاياتىدىن ئەلا بىلىدىغان باتۇر خىسلىتى نامايەن ئىدى. ئۇلار ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگىچە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ھاياتىنى يار ئاستىدىكى پاك زېمىن - ئانا تۇپراققا تاشلىدى. كۆكتىكى يەتتە ئۆركەر يۇلتۇز خىرەلەشتى، زېمىن ماتەمگە چۆمدى. ئۈچتۇرپان دىيارىدا زېمىننىڭ كۆز يېشى تاكى ھازىرغىچە بۇلاق بولۇپ ئېتىلىپ چىقماقتا.

گەرچە بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ سىرتتىن كىلىدىغان ھېچقانداق ياردەم بولمىغان ئەھۋالدا 6 ئاي داۋاملىشىپ، تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ ھۆرلۈكى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلالايدىغان روھقا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىپ بەردى. يەتتە قىزلىرىم بۈگۈنكى كۈندە يەتتە مىڭ، يەتمىش مىڭ، يەتتە يۈز مىڭ، ياق يەتتە مىليون قىز- ئاياللىرىمىزنىڭ ئۆلگۈسى. ھازىرمۇ قىزلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا ئاشۇ باتۇر قىزلىرىمىزدەك قىزلارنى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ تارىختىن بۇيان ھېچبىر ھۆكۈمران مەڭگۈ داۋاملاشقان ئەمەس. دەۋرىمىزنىڭ يەتتە قىزلىرى ھازىرقى ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلىرىمىزدە يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ.

# بىلىم غەزىنىسى

«ۋەتەن» چۈشەنچىسى ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ھەر خىل مەنىدە بولۇپ كەلدى. ئۇ كېيىنچە ھۆكۈمرانلىق سەلتەنەتلەر تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ئەمىر پەرمانلىرى دەخلىسىز بولغان دۆلەتلەر ياكى دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر خىل خەلقلەر ۋە مىللەتلەرگە ئورتاق رىشتە سۈپىتىدە تەكىتلەندى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى شۇ نەرسىنى ئىسىراپ قىلىدۇكى «ۋەتەن» ئىككى قاتلاملىق مەنىدىكى ئېتنولوگىيەلىك تامغا ۋە ئاڭدۇر. بىرىنچىدىن، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ئەجدات ۋە ئەۋلادى بىلەن ياشاپ كەلگەن ماكان- جۇغراپىيىلىك چەمبىرىكىدۇر. بۇ تەبىئىي جۇغرا- پىيىلىك تارىخى جۇغراپىيىلىك، رىئال - ئىجتىمائىي جۇغرا- پىيىلىك ماكان چەمبىرى بولۇپ «ۋەتەن» كاتېگورىيىسىنىڭ تاشقى شەرتىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر بىر تۇغۇلغان پەرزەنت مۇشۇ ماكان چەمبىرىدە كۆز يۇرۇتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ئەجدات ۋە ئەۋلادى بىلەن ياراتقان، ۋارىسلىق قىلغان مىللىي مەدەنىيەت تىپى، ئىتنىك روھىيەت خەزىنىسى - تىل، فولكلور، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئۆرپ- ئادەت، ئىقتىسادىي تۇرمۇش رىجىسى، مىللى تارىخى، ئەقىدە مىزانلىرى، پەخىر- ئىپتىخارى ۋە ئار- نۇمۇس ئادەتلىرىدىن ھاسىل بولغان مىللىيەتلىك چەمبىرى بولۇپ، بۇ «ۋەتەن» كاتېگورىيىسىنىڭ ئىچكى شەرتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر تۇغۇلغان پەرزەنت مۇشۇ مىللىيەتلىك چەمبىرىگە تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن ھالقىپ چىقىپ كىتەلمەيدۇ.

ھەربىر ئادەم مۇئەييەن «ۋەتەن» ۋە «مىللىيەتلىك»كە تەۋە بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ پۈتۈن بىئولوگىيەلىك تۈزۈلمىسى، ئىجتى- مائىي خارەكتېرىگە يۇشۇرۇن ئاڭ - تۇغما جىسمانىي ۋە ھېسسى تامغا باسقان بولىدۇ.- ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «قەدىمقى مەركىزى ئاسىيا» دىگەن كىتابىدىن ئېلىندى.

# مىللىي بىرلىك - ئەركىنلىكنىڭ شەرتىدۇر



غۇلامىدىن ئەخمەت پاختا

بىر مىللەتنىڭ ھايات - ماماتلىقى شۇ مىللەتنىڭ بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقىغا باغلىقتۇر. تارىخ ئىنسانلارنىڭ بىر ئەينىكى بولۇپلا قالماستىن، ئەۋلاتلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچى بىر كومپاس ۋە ئىبرەت تاختىسىدۇر. بىز تارىخنىڭ يىراق زامانلىرىغا كەتمەستىن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاخىرقى 70يىلىغا نەزەر سالساق خەلقىمىزنى قان يىغلاتقان پەلەكنىڭ چەرقى بىزگە زادىلا كۈلۈپ باقمىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇندىن 70يىل ئەۋۋەل ئەزىزانە قەشقەر دىيارىدا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، دۇنياغا ئېلان قىلىنغان ئىدى. شۇ كۈنى قەشقەر تۈمەن دەرياسى بويىدىكى نەزەر باققا قاراشلىق كەڭ مەيدانغا يىغىلغان ئونمىڭلارچە خەلق، مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز خادا ئۈچىدا لەرزان يەلپۈنۈپ تۇرغان ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراققا قاراپ«بايرىقىمىز شانىمىز،ھۆرلۈكىمىزنى ئالىمىز،پىدا بولسۇن جانىمىز،قۇتۇلسۇن ۋەتىنىمىز...!»،دىگەن جەڭگىۋار سادالار،«ئاللاھۇ ئەكبەر،ئاللاھۇ ئەكبەر .....»دىگەن تەگبىرلەر قايىنىمىدا ئۇنتۇلماس بۇ تارىخىي كۈننى بايراملاپ، بىر- بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ ھۆپۆشكەن، زالىم خىتاي جاللاتلىرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلغانلىقىنىڭ شاتلىقىدىن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈش- كەن ئىدى. ئەپسۇسكى بۇ يىگىدىن قۇرۇلغان جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئۆمرى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. ئۆز ئارا بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ كۈچلۈك بولمىغانلىقى سەۋەپلىك، رۇس ۋە خىتاي باشلىقلىرىنىڭ يەڭ ئىچىدە بىرلىشىۋېلىشى بىلەن تەقدىرىمىزگە يەنە بىر قارا قىسمەتنى

تەقدىم ئەتتى. ئەمدىلا كۆك ئاسماندا لەپىلدىگەن ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىز جەڭلەردە قۇربان بولغان مىڭلىغان باتۇر -ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن بويالدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى خوجا نىياز ھاجى بىلەن باش مىنىستىر سابىت داموللام موسكۋانىڭ بۆيرىقى بىلەن قولغا ئېلىنىپ شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى.

ئەسلىدە گومىنداڭغا مايىل بولۇپ، موسكۋاغا ساختىپەزلىك قىلىۋاتقان شىڭ شىسەي، يەنە موسكۋانىڭ ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خالىغانچە قىرغىن قىلدى، مال- مۈلكىنى بۇلىدى، باج- سېلىقنى ھەسسىلەپ ئالدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئارىدىن 11يىل ئۆتۈپ، زۇلۇمغا قارشى يەنە كۈرەشكە ئاتلاندى. بۇلار غۇلجىنى مەركەز قىلىپ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇردى. بۇلارنىڭ كۈرەش ئۇچقۇنلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالدى. ئېلىخان تۆرەم رەھبەرلىكىدىكى بۇ ئىنقىلاپتا غېنى باتۇر، زېھرۇللام قاتارلىق بىرقىسىم قەھرىمان- لىرىمىز مەيدانغا كىلىپ، شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ تەلتۆكۈس ئازات بولۇشىدا غايەت زور تۆھپە قوشتى. غۇلجىدا قۇرۇلغان بۇ جۇمھۇرىيەت قەشقەردە قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتكە ئوخشاش 11-ئاينىڭ 12-كۈنىنى ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۈنى قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، دەل بۇ كۈنى غۇلجىدا ئازات«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بىراق ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ، گېرمانىيە،

ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن رۇسلارنىڭ شەرقى تۈركىستاندىن ئالىدىغان ئىستراتېگىيەلىك پايدا- مەنپەئەتى تۈگىگەنلىكتىن موسكۋا يەنە ئۆزىنىڭ تاكتىكىسىنى ئىشقا سېلىپ، شەرقى تۈركىستاندا مۇستەقىل بىر دۆلەتنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەخمەدجان قاسىمى رەھبەرلىكىدە بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەييارلاپ، شەرقى تۈركىستان رەھبەرلىرىنى 11ماددىلىق بىتىمنى مەجبۇرى قوبۇل قىلدۇردى. كومۇنىست يېڭى ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ماۋزىدوڭ بىلەن كۆرۈشتۈرۈش باناسى بىلەن سېۋېت ئىتتىپاقىغا ئالداپ ئېلىپ چىقىپ، سەپەر جەريانىدا ئايرۇپىلان چۈشۈپ كەتتى دىگەن ۋەقەنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ،ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى ۋە ئۇستىگە ماي چېچىپ كۆيدۇرۇپ تونۇغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇلار تونۇغۇسىز ھالەتكە كەلگەن شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىنى دەل بىر ئايدىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ بەردى.

قىسقىسى موسكۋا خىتاي بىلەن بولغان دوسلۇقىنى نەزەرگە ئېلىپ خۇددى ئىچكى موڭغۇل بىلەن مانجۇرىيەدىن ۋاز كەچكىنىگە ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋۇجۇتقا كىلىشىنى خالىمىغان رۇس ئىمپىرىيىسى شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىستىقلال ۋە ئىستىقبالىنى 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ زەنجىرى بىلەن كىشەنلەپ، شەرقى تۈركىستاننى رۇس بىلەن خىتاينىڭ دوسلۇقى ئۈچۈن ماۋغا تۆھپە قىلىپ تۇتۇپ بەردى. ئازات شەرقى تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى مىللى ئارمىيىسى تارقىلىشىدىن بۇرۇن ۋەكىللەر موسكۋادا ئىستالىن بىلەن كۆرۈشۈپ شەرقى تۈركىستاننىڭ بەش ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاش «ئۇيغۇرىستان» نامىدا ئالتىنچى جۇمھۇرىيەت قىلىنىپ قوشۇۋېلىنىشىنى سورۇغاندا ئىستالىن « ئىنتېرناتسىيونال كومىنىزىم بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەزى يەرلەرنى قۇربان بېرىشكە توغرا كىلىدۇ، بىز خىتاي بىلەن دوسلۇقىمىزنى چىڭىتىش ئۈچۈن شەرقى تۈركىستاننى ئىچكى موڭغۇل ۋە مانجۇرىيەگە ئوخشاش قۇربان قىلىشىمىز لازىم»،دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلىرىم ۋە قېرىنداشلىرىم دۇنيا تارىخىدا مۇھىم ئورۇن ئالغان ھازىرقى زامان تارىخىمىزدىكى ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ھەر ئىككىلىسى دەل 12 -نويابىرنى ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۈنى قىلغان. بىز ھۆر دۇنيادا ياشاۋاتقان پۈتۈن شەرقى تۈركىستانلىقلار بۇ قۇتلۇق كۈننى خەلقىمىزنىڭ مۇبارەك بايرىمى سۈپىتىدە ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئۆيۈشتۈرۈپ، بىر-بىرىمىزنى قۇتلۇقلاپ، مۇبارەكلەپ ۋە بۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

90-يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كىيىن، ئۇيقۇسى قاچقان خىتاي كومىنىست ھۆكۈمىتى ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن يۈرگۈزىۋاتقان زوراۋانلىق سىياسىتى ھەددىدىن ئاشماقتا. ئافغانىستان ۋە چېچىنىستان ئۇرۇشىدىن قاتتىق زەربە يەپ ئىقتىسادى خاراپلاشقان رۇس ھۆكۈمىتى غەرپ دۆلەتلىرىگە يۈزلىنىشكە باشلىغاندىن كىيىن، ئۇنىڭ زەئىپ تۇزۇمىدىن پايدىلانغان خىتاي ھۆكۈمىتى «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانى ھەق-ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ئازاتلىق ھەركىتىنى بۇغۇپ، جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا. ئۇلار يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا كىلىشىنى ھەرخىل ۋاستىلار بىلەن قوللاپ، قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتمەكتە. شەرقى تۈركىستاندا ئېقىپ يۈرگەن خىتاي ئاققۇنلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ تەبئى بايلىقلىرىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش نەتىجىسىدە ئېكولوگىيە-لىك مۇھىت بۇلغۇنۇپ، ئورمانلار، يايلاقلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، تۇپراقنىڭ قۇملىشىشى تىزلەشمەكتە.

ھەي چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىم، تارىخى-مىزغا نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭدىن ساۋاق ئالايلى، ئەجدات-لىرىمىزنىڭ تەجرىبىلىرى بىزگە ئۈلگە بولسۇن.



ئامرىكا شەرقى تۈركىستان مىللى تەتقىقات مەركىزى رەسسىمنىڭ چۈشەندۇرۇشى:(سولدىن ئوڭغا)

1- ئادەم مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى غۇلامدىن ئەپەندىنىڭ دادىسى ئەخمەت پاختا

2 – 1933-يىلىدىكى شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش قوماندانى مەخمۇد مۇھىدى

3- ئۆرە تۇرغان ئادەم شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ مۇدىرى



# wto ۋە خىتاينىڭ كەلگۈسى

خەلقارا سودا تەشكىلاتى ( world trade organnization ) پۈتۈن يەر شارىدىكى ئەركىن سودىدا بىرلىككە كەلگەن دەرىجىدىن تاشقىرى خەلقارالىق تەشكىلات بولۇپ،ئۇ ئەسلىدىكى «تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمى» ( General Agreemet on tariffs and trade ) ئاساسىدا 1995-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى كېڭەيتىلىپ قۇرۇلغان. باش ئورگىنى جەنۋەدە. WTO نى قۇرغۇچى ئەزا دۆلەتلەر 132 بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم مەملىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە32دۆلەت بۇ تەشكىلاتقا كىرىشكە ئۆچىرەت ساقلاپ تۇرماقتا. WTOنىڭ «خەلقارا سودا ساھەسىدىكى ب.د.ت» دېگەن نامىمۇ بار. چۈنكى ب.د.ت غا ئەزا بولۇپ كىرمىگەن دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ئوقۇقى قانۇنى رەۋىشتە ئېتىراپ قىلىنمىغىنىغا ئوخشاش، WTOغا ئەزا بولۇپ كىرمىگەن دۆلەتلەرنىڭمۇ خەلقارا ئەركىن سودىدىكى ئورنىمۇ ئېتىراپ قىلىنمايدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى WTOغا ئەزا بولۇپ كىرىش ئۈچۈن 15 يىل تەييارلىق قىلدى. بىرقىسىم خىتايلار«WTOغا كىرىش پارتىيەگە كىرىشتىن يۈز ھەسسە قىيىن» دېسە، يەنە بىر قىسىم خىتايلار«خىتاي WTOغا كىرگۈچە چاچلارغا ئاق كىردى» دېيىشتى. قىسقىسى خىتاي ھۆكۈمىتى WTOغا كىرىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشتى ۋە نۇرغۇن بەدەل تۆلىدى. خىتاينىڭ WTOغا ئەزا بولۇپ كىرىش ئۈچۈن بۇ قەدەر چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى پەقەت خىتاينىڭ خەلقارادىكى«پۇچەك ئابرويى» ئۈچۈنلا ئىدى. چۈنكى خىتاي WTO نىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى، مەقسىدىنى ۋە نىشانىنى چۈشەنمەيتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ WTOنىڭ يىغىنلىرىدا، خىتاينىڭ «ئەزالىققا كىرىش لاھىيىسى»مۇزاكىرە قىلىنغاندا WTOنىڭ ۋەكىللىرى خىتاينىڭ «ئالاھىدە» ۋەكىللىرىدىن «سىلەر بازار ئىگىلىكىگە ئۆتەمسىلەر» دەپ سورىغاندا، خىتاي ۋەكىلى «بىز ھازىر بازار ئىگىلىكىگە ئۆتتۇۋاتىمىز، ئەمما بۇ جۇڭگوچە بازا ئىگىلىكى» دەپ جاۋاپ بەرگەن ۋە بارلىق يىغىن ئەھلىنىڭ قاتتىق مەسخىرە كۈلكىسىگە قالغان.

قانداقلا بولمىسۇن خىتاي ھۆكۈمىتى نۇرغۇن جەمەتلەردە« چوڭ بەدەل» تۆلەش ۋە «يول قويۇش،ئۆتۈنۈش» شەرتى ئاستىدا 2001-يىلى 11-ئاينىڭ 10- كۈنى WTOغا رەسمى ئەزا بولۇپ كىردى ۋە «21ماددا»لىق سودا كېلىشىمگە رەسمى قول قويدى. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ «21ماددا»نىڭ كونكرت مەزمۇننى ئۆز خەلقىگە ئېلان قىلماي مەخپى تۇتقان بولسىمۇ، چەتئەلدىكى دېموكراتىك خىتاي مەتبۇئاتلىرى ئامىرىكا ئېلان قىلغان«21ماددا»نىڭ ئاساسى مەزمۇننى جامائەتكە ئاشكارىلىدى.

بىز ئالدى بىلەن بۇ «21ماددا»نىڭ ئاساسى مەزمۇننى كۆرۈپ باقايلى.

1- تاموژنا

خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي تاموژنا بېجىنىڭ ئۆلچىمىنى ٪ 22.1 دىن 2005- يىلغا بارغاندا ٪ 0 چۈشۈرىدۇ.

2- تېلېگراپ كەسپى

ئامىرىكا شىركەتلىرى خىتاينىڭ تېلېگراپ كارخانىلىرىدا ٪50گىچە پايغا ئىگە بولالايدۇ ۋە شىرىكچىلىك كاخانىلىرىنىڭ مۇدىرىيەت يىغىنلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئالالايدۇ.

3- تور

چەتئەل شىركەتلىرى خىتاينىڭ تور شىركەتلىرىگە مەبلەغ سالالايدۇ.(خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر چەكلەۋاتقان تور شىركەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)ۋە قانداق تېخنىكا قوللىنىشنى شىركەتلەر ئۆزلىرى بەلگۈلەيدۇ.

4- تېلېگراپ مۇلازىمىتى

بۇ ساھە پۈتۈن خىتاي بويىچە چەتئەل شىركەتلىرىگە ئېچىلىۋېتىلىدۇ. چەتئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ٪ 51 گىچە ئىگىدارلىق ھوقۇقى بولىدۇ.

5- ئىشلەپچىقىرىش كەسپى

مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىلار خىتاي ھۆكۈمىتىنى ۋاستە قىلماستىن خىتايدىكى 1.2مىليارت ئىستېمالچىلارغا

ئىمپورت- ئېكسپورت مۇلازىمىتى ئېلىپ بارىدۇ.

6- كىنوچىلىق كەسپى

خىتاي تەرەپ ھەر يىلى چەتئەل كىنولىرىدىن 20نۇسقا كىرگۈزىدۇ.

7- بانكا كەسپى چەتئەل بانكىلىرى خىتايدا كەسپى مۇلازىمەت قىلالايدۇ ۋە خەلق پۇلى ئارقىلىق خىتاي پۇخرالىرىغا بىۋاستە مۇلازىمەت قىلالايدۇ.

8- ئاپتوموبىل

خىتاي تەرەپ تاموژنا بېجىنى ٪ 25گە چۈشۈرىدۇ ۋە چەتئەل ئاپتوموبىل شىركەتلىرىنىڭ ماشىنىلىرىنى ئەركىن سېتىشقا يول قويىدۇ.

9- يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى

خىتاي تەرەپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا بولغان تاموژنا بېجىنى٪15چۈشۈرىدۇ ۋە ئىمپورت قىلىنىدىغان بۇغداي،گۆش، مېۋە قاتارلىقلارغا قارىتا كارانتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

10-يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېمپورت- ئېكسپورتى.

خىتاي تەرەپ باسقۇچلارغا بۆلۈپ «يۇرچاق مېيىنى دۆلەت باشقۇرۇش»نى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.خىتاي ھۆكۈمىتى شەخسى شىركەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېمپورت- ئېكسپورت قىلىشىغا يول قويىدۇ.

11- ئېكسپورت قوشۇمچە ياردىمى

خىتاي ھۆكۈمىتى ئېكسپورت قوشۇمچە ياردىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

12- ئاكسىيە كەسپى

ئاكسىيە فوندى شىرىكچىلىك كارخانىلىرىدا چەتئەل كارخانىلىرى ٪49 گىچە پايغا ئىگە بولالايدۇ.

13- ئامرىكىغا بولغان ئېمپورت

ئامرىكا تەرەپ15 يىل ئىچىدە ھازىر تۈزۈلگەن« 21 » ماددىدىن سىرت يەنە «قوغدۇنۇش» ماددىلىرىنى تۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ ئارقىلىق ئامرىكا خىتاي تەرەپنىڭ ئېكسپورت مىقتارىنىڭ ئېشىپ كىتىشىنى چەكلەيدۇ.

14- تۇقۇمۇچىلىق كەسپى

2005-يىلدىن بۇرۇن خىتاينىڭ تۇقۇمۇچىلىق مەھسۇ- لاتلىرىغا قارىتا كەمسىتىش خارەكتىردىكى تۇلۇقلاپ بىرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. 2005-يىلدىن كىينمۇ خىتاي تۇقۇلما ماللىرىنىڭ ئامرىكا بازارلىرىنى قالايمقان قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بەلگۈلۈك چەكلەش خارەكتىرلىك بەلگۈلىمىلەر تۈزىلىدۇ.

15- مۇلازىمەت كەسپى

پۈتۈن مۇلازىمەت كەسپى ساھاسى بۇيىچە ئامرىكا شىركەتلىرى خىتايدا ٪100 لىك پايچىك ھوقۇقىغا ئىگە بولغا تارماق شىركەتلەرنى قۇرۇدۇ.

16- مېھمانخانا كەسپى

چەتئەل مېھمانخانا كەسپي مۇلازىمەتچىلىرى خىتاي بازارلىرىغا ئەركىن كىرەلەيدۇ ۋە ٪100 ئىگىدارلىق ئوقۇقىغا ئىگە بولالايدۇ.

17- ساياھەتچىلىك كەسپى

چەتئەل سايائەتچىلىك شىركەتلىرى خىتايدا مۇلازىمەت ۋاكالەتخانىلىرىنى قۇرالايدۇ. ۋە ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى ساياھەت رايونلىرىغا ئەركىن كىرەلەيدۇ.

18- چەتئەل مۇلازىمەت شىركەتلىرى

ھازىرقى بازارلارنىڭ ئېچىۋېتىلىشىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ تىجارىتى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ.

19- مەبلەغ سېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

خىتاي تەرەپ چەتئەل شىركەتلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش ۋە ئېمپورت قىلىشىغا قارىتا تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا ھېچقانداق تەلەپ قويمايدۇ.

20 دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سودىسى

خىتاي تەرەپ خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا ۋە دۆلەت مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ پەقەت سودا نوقتىسىدىن نورمال سودا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئامرىكا خارخانىلىرى كەمسىتىلمىگەن شەرت ئاستىدا سودا رىقابىتىگە قاتنىششىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خارخانىلىرى دۆلەت مەبلەغ سالغان خارخانىلىرى WTOنىڭ بارلىق بەلگىمىلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ.

21- ئۇچۇر

كومپيۇتۇر،سودا،بۇغالتىرلىق، ئېلان ۋە پۇل- مۇئامىلە، ئۇچۇر مۇلازىمىتى جەھەتلەردە بازارلار تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىلىدۇ.

مانا بۇلار ئاتالمىش «21ماددا»نىڭ ئاساسى مەزمۇنلىرى. ھالبۇكى خىتاي مەتبۇئاتلىرى قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تەخت ھولىغا خىرىس ئېلىپ كىلىۋاتقان بۇ «21ماددا»نى «يېڭى 21ماددا»دەپ ئاتىماقتا.

چۈنكى بۇ يەردىكى ئەڭ قىزىقارلىق بىر مەسىلە شۇكى، خىتاي، تەيۋەن، شاڭگاڭ، ۋە ئاۋمىنلارنىڭ ھەربىرى «بىر ئەزا» سالاھىيىتى بىلەن WTOغا ئەزا بولۇپ كىردى. دىمەك WTO

خىتاينى سودا ساھەسىدە دەسلەپكى قەدەمدە 4پارچىغا بۆلدى.

ئەمدى بىز تارىختىكى كونا «21ماددا»غىمۇ نەزەر سېلىپ باقايلى.

بۇ 1915- يىلى 5-ئاينىڭ 9كۈنى يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى ياپونىيە بىلەن ئىمزالىغان «21ماددا» بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنى: ياپونىيە تەرەپ خىتاي تېررىتورىيىسىدىن سودىنى ئاساس قىلغان شەرتسىز پايدىلىنىش، بەزى تۆمۈر يول، دېڭىز بويلىرىدىن ئەركىن پايدىلىنىش، ھەتتا بۇنىڭغائۈچۈنچى بىر دۆلەت ئارلاشماسلىق....قاتارلىقلار ئىدى. يەنە بىر نوقتىدىن بۇ «21ماددا» ئەينى چاغدىكى يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتىنىڭ تارىخى كىرزىسقا دۇچ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى.

قىسقىسى بۇ كونا «21ماددا» خىتاينىڭ سىياسى، ئىقتى- سادى، ھەربى ۋە زېمىن تەۋەلىكى جەھەتلەردە ياپونىيەنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ئەمدى بىز يېڭى«21ماددا»بىلەن خىتايدا نىمىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

خىتاي ھۆكۈمىتى WTOغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن يەنى«21ماددا»نى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر.

1- خىتاينىڭ دۆلەت خارخانىلىرى ئەركىن سودا رىقابىتىگە كىرەلمەيدۇ،بەلكى توختاپ قېلىش،بەربات بولۇش،قوشۇلۇپ كېتىش، ھەمتاكى سېتىلىپ كېتىش تەقدىرىگە دۇچ كېلىدۇ. نەتىجىدە خىتاي چەتئەل بەيلىگىنىڭ بەجبۇرى تۈرتكىسىدە پۈتۈنلەي يەككىلىشىش يولىغا قاراپ ماڭىدۇ.

2- ئۈچۈر يوللىرىنى ھازىرقىدەك توساپ قالالمايدۇ. چۈنكى غەرىپنىڭ تېلېۋىزور، كىنو، ئۈچۈر قاتارلىق مەنىۋى مەھسۇلاتلىرى خىتايغا تۈركۈملەپ ئېقىپ كىرىشكە ئەگىشىپ، خىتايدا گېزىت - ژورنال، شەخسى رادىيو، كىنو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلايدۇ ۋە غەرىپنىڭ ئەركىنلىك ،دېموكراتىيە،ئىنسان ھەقلىرى ۋە قانۇندىن ئىبارەت زامانىۋى قىممەت قاراشلىرىنى خىتايغا ئېلىپ كىرىپ،خىتاينىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەر- تىۋىتىدۇ.

غەرپلىششىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى دېموكراتىيەلى- شىش يەنى ئاخبارات، پارتىيە تەشكىللەش ۋە ئاشكارە، ئادىل سايلام ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

مانا بۇ 3 چوڭ ئەركىنلىكنىڭ تەرەققىياتى ھەقىقى قانۇننى بەرپا قىلىدۇ. نەتىجىدە خىتاينىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسى فېدىراتسىيە شەكلىدىكى«3-جۇمھۇرىيەت» دەۋرىگە قەدەم قويۇشى مەنتىقىلىق ئېھتىماللىقا ناھايىتى يېقىن.

3- خىتاينىڭ دېھقانچىلىقتا ماس كېلىدىغان زېمىنى پۈتۈن دۇنيانىڭ 7٪ نى،نوپۇسى ٪ 23نى ئىگەلەيدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا يۇقۇرى دەرىجىدە ماسلاشقان چوڭ كۆلەملىك يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش قىيىنغا توختايدۇ. خىتايدا تىراكتورنىڭ دېھقانلارغا تەقسىم بولۇش نىسپىتى: ھىندىستان- نىڭ 6دىن 1 گە، دانىيەنىڭ 1000دىن 1گە توغرا كېلىدۇ. چەتئەلنىڭ يۇقۇرى سۈپەتلىك يېزائىگىلىك تېخنىكىسىنىڭ خىتاي يېزىلىرىغا بۆسۈپ كىرىشى بىلەن ھازىرقى دېھقانلارنىڭ 15تىن 1سى ئىشسىزلارغا ئايلىنىدۇ ۋە چوڭ كىچىك شەھەرلەرگە قاراپ ئاقىدۇ. نەتىجىدە خىتايدا قىسقا مۇددەت ئىچىدە زىيادە بايلار بىلەن زىيادە گادايلاردىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋالمۇ خىتاينىڭ دېموكراتىيەلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ.

4- خىتاي ئۇزاق مۇددەت پىلانلىق ئىگىلىك سېستىمىسىدا ئىقتىسادى پائالىيەت ئېلىپ بارغان قاتمال بىر مەملىكەت. شۇ سەۋەپ خىتاينىڭ خەلقارادىكى ئەركىن سودا رىقابىتىگە ماسلىشىش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز.

WTOدىن كېيىن چەتئەللەرنىڭ دۆلەت ھالقىغان چوڭ شىركەتلىرىنىڭ خىتايدىكى ئىقتىسادى پائالىيەتلىرىنىڭ دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ فونكىسيەلىك رولى، بولۇپمۇ خەلق پۇلىغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان «دۆلەت تەڭشەپ تۇرۇش»سىياستى ئاجىزلاپلا قالماستىن بەلكى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ.

چەتئەل شىركەتلىرى ۋە بانكىلار يۇقۇرى تەمىنات ۋە ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ،خىتاينىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادى ئىگىلىكىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا خەلق پۇلى ئامانىتى مۇلازىمىتىنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن خەلق پۇلىنىڭ چەتئەل بانكىلىرىغا ئېقىشى چوڭ دولقۇنغا ئايلىنىدۇ.

5- ئەركىن سودا رىقابىتى ۋە خەلقارا سودىغا بولغان ئەركىن شارائىت يەككە ئىگىلىكنى ھەسسىلەپ راۋاجلاندۇ- رىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كومپارتىيە ئەزالىرىمۇ ئىسمى- جىسمىغا لايىق«كاپىتالىستقا ئايلىنىدۇ».خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ«4 ئاساسى پىرىنسىپ»،«كوممۇنىزىم» ۋە«سوتسىيالىزىم»...دىگە- نلەرنىڭ ھەممىسى «مەنىسىز»، «قىممەتسىز» نەرسىلەرگە ئاي- لىنىپ، خىتاي دۆلەت مەخانىزىمى، ئىجتىمائى تەرەققىيات يۆلۈنىشى ۋە كىشىلەرنىڭ كۆزدىن-كۆزگە يېڭىلىنىۋاتقان مەنىۋى دۇنياسى خىتايدا يېڭىچە دۆلەت چۈشۈنچىسى، يېڭىچە ھايات ئۆلچەملىرى ۋەيېڭىچە پەلسەپە مىزانلىرى بەرپا قىلىنىدۇ.

6- خىتاي ئىگىلىك ھوقۇق ساھاسىدە ھازىرقى مۇستەبىت

هالەتتىن«ئاجىزلىشىش»قا، هازىرقى «غايىۋى ئىمپىرىيە» هالىتىدىن «ئۆز-ئۆزىنى كونتۇرول قىلالماسلىق»ئاقىۋىتىگە دۇچ كىلىدۇ. چۈنكى خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىدارى« هەممىگە قادىر»لىقتىن «چەكلىك »«هۆكۈمەت»كە ئايلىنىدۇ.

7- WTOخىتاينىڭ ئىچىۋىتىش ۋەئەركىنلىشىش قەدىمىنى تېخىمۇ تىزلىتىپ، خىتاي پۇخرالىرىنىڭ سىياسى پارتىيە ياكى هۆكۈمەتكە بولغان«تايىنىش»پسىخىكىسى»نى ئاجىزلىتىدۇ. خىتاي پۇخرالىرىنىڭ ئىقتىسادى، سىياسى ۋە پسىخىكا جەھەتلەردە هۆكۈمەتتىن «ئايرىلىپ چىقىش»خاهىشىنى كۈچەيتىدۇ.چۈنكى ئەركىن سودا، پەقەتلا تىجارەت قىلىپ،پۇل تېپىش ئەمەس. بەلكى سىياسى توسالغۇلاردىن هالقىپ كەتكەن ئەركىن بازار ۋە شەخسى ئەركىنلىك تەرەققىياتىدۇر. دىمەك، شەخسى ئەركىنلىكنىڭ تۈپكى كاپالىتى، دۆلەت سىياسى تۈزۈلمىسىنىڭ پۈتۈنلەي« ئالمىشىشى»نى تەققازا قىلىدۇ.

8- WTOخىتاينىڭ قانۇن ۋە ئەدلىيە تۈزۈلمىسىگە ئاسمان-زىمىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى خەلقارالاشقان ئەركىن سودا خىتاي پۇخرالىرىنى تېخىمۇ كوپ «تاللاش »ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

غەربىپ مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى، ئەركىن سودىنىڭ تەرەققىياتى، شەخسى مۈلۈككە بولغان ئىگىدارلىق ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىقلار خىتاي پۇخرالىرىنىڭ ئىجتىمائى ساپاسىنى بەلگىلىك دەرىجىدە يۇقۇرى كۆتىرىدۇ. ۋە قانۇن ئېڭىنى كۈچۈيتىدۇ. خىتاي هۆكۈمىتى قانۇن تۈزۈلمىسى جەھەتلەردە خەلقارادىكى نورمالى تەرتىپ بىلەن «ماسلىشىش» قا بەجبۇر بولىدۇ. خىتايدىكى قانۇن تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھات تەققازاسى خىتاينىڭ خەلقارا سودا ساھاسىدە ئىپادىلىنىپ قالماستىن هۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى- ۋەتتىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ قانۇن ئارقىلىق ئۆز هوقۇق مەنپەتلىرىنى قوغداش ئېڭىنىڭ ئۇسۇشىگە ئەگىشىپ، خىتاي «قانۇن تۈزۈش تۈزۈلمىسىدىن «قانۇن بىلەن تۈزمىش» تۈزۈلمىسىگە قاراپ قەدەم باسىدۇ.

9- WTO خىتايدىكى سودا ئەركىنلىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ.خەلقارادىكى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار تەرەپلىرى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئىقتىسادى ئەركىنلىك مۇقەررەر هالدا سىياسى ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا هۆكۈمەتنىڭ «كونتۇروللۇق»دائىرسىنى چەكلەيدۇ.هۆكۈمەتنىڭ ئەسلىدىكى «ئۆز بالىسى»بولۇپ كىلىۋاتقان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە دۆلەت مەبلەغ سالغان كارخانىلارمۇ ئەركىن سودا رىقابىتىگە قاتنىشىپ تاللاش، تاللىنىش ۋە شاللىنىش تەقدىرىگە دۇچ كىلىدۇ.

10- WTOدىن كيىن خىتايدىكى يەككە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ ئۈچۈر يوللىرى ۋەئاخبارات ۋاستىلىرىگە بولغان كونتۇرول قىلىش فونكسىيى- سى تەدرىجى ئاجىزلايدۇ. چۈنكى كەڭ-كۆلەملىك ئۈچۈر ۋە ئاخباراتنى كونتۇرول قىلىش ئۈچۈن هۆكۈمەت ناهايىتى زور مىقتاردا مەبلەغ سېلىشقا توغرا كىلىدۇ. هالبۇكى كونتۇرول قىلىش قۇۋۋىتى ۋە دائىرسى كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلىشىۋاتقان خىتاي هۆكۈمىتى بۇنىڭغا بەرداشلىق بىرەلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن هەققى دېموكراتىيەنىڭ خىتايدا كېڭىيىشى ۋە غەلبە قىلىشى ئۈچۈن كەڭ تارىخى پۇرسەت ۋە سەھنە هازىرلانغان بولىدۇ.

11- بۈگۈن خىتاي مۇستەملىكىسىدە ياشاۋاتقان ئاتالمىش«ئاز سانلىق مىللەتلەر»نىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادى هاياتىدا تارىخى بۇرۇلۇش ياسايدۇ.يەنى هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ئۈچۈن زور سىياسى بوشلۇق، قانۇنى ئاساس ۋەتارىخى پۇرسەت ئېلىپ كىلىدۇ. هالبۇكى، پەقەت بۇ رىقابەتنى توغرا چۈشەنگەن، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ جىددى تەققازاسىنى تۇلۇق هېس قىلالىغان، بۇ تەرەققىيات دولقۇنىدا تېگىرىقاپ قېلىۋاتقان مىللى كىرزىسنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرەلىگەن ۋە بۇ رەھىمسىز رىقابەت بەيگىسىگە بۆسۈپ كىرەلىگەن مىللەتلەر نىمىنى خالىسا شۇنىڭغا ئىرىشەلەيدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت خالاش،تەلەپ قىلىش،بەدەل تۆلەش ۋە جاسارەت كىتىدۇ.چۈنكى WTOخىتايدىكى مۇستەملىكە مىللەتلەرگە ئەڭ ئاخىرقى تارىخى پۇرسەتنى ئېلىپ كىلىۋاتىدۇ.شۇڭا تەكىت- لەيمەن ئەركىنلىكنى خالايدىغان خىتاي مۇستەملىكىسىدىكى هەرقايسى مىللەتلەر مۇستەقىللىقمۇ، فىدىراتسىيەمۇ، قوشما- ئىشتاتلارمۇ، كۆپ پارتىيەلىك جۇڭخۇا چوڭ ئائىلىسىمۇ، مۇستەقىل دۆلەتلەر ئورتاق گەۋدىسىمۇ ۋەياكى بۇ دەھشەتلىك، رەھىمسىز تارىخى ئېقىندا تامامەن يوق بولۇپ، تارىخ بېتىدىن ئۆچۈپ كىتىشمۇ....قىسقىسى خىتايدىكى هەرقايسى مىللەتلەر بۇ چوڭ رىقابەت جېڭىدە ئۆز تىرىشچانلىقىغا كۆرە تاللاش، تاللىنىش...لاردىن بىرسىگە مۇقەررەر ئىرىشىدۇ.

دىمەك، مانا بۇ 3- ۋە 4- دۇنيا ئەللىرىنىڭ كىمنىڭ كىم بولۇشىنى بەلگۈلەيدىغان تارىخى پۇرسەت.

خولاسە شۇكى: مەيلى نىمە بولۇشىدىن قەتئى نەزەر خىتاي دېموكراتىيە يولىغا قاراپ مېڭىپ، دۆلەت تۈزۈل- مىسىدە چوڭ ئۆزگۈرۈش ياسىشى كۆرۈنۈپ تۇرغان تارىخى مۇقەررەرلىك. بۇ كۈنگە ئۇزۇن قالمىدى.

ماقالىنى تەييارلىغۇچى: كەۋسەر هونتېكىن



# شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى پەلەستىندىن ناچار

## تاشقىن بارات

ئۇيغۇر رايونى دۇنيادىكى كىشىلىك ئوقۇقى دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋالى ئەڭ ناچار رايون ئېساپلىنىدۇ. بۇيەردە جىنايەتچى ھېساپلىنىپ تۈرمىدا يېتىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ تۈرمىسىدە يېتى-ۋاتقان جىنايەتچىلەر ساندىن كۆپ بۇلۇشى مۇمكىن. تۈرمىدە يېتىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ٪98 مىللى بۆلگۈنچى، ئەسەبى دىنى ئۇنسۇر، تېرورىست ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھتىت سالغان، دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارلاپ قويغان سىياسى جەھەتتە قالايمىقان ئۆسەك سۆز تارقاتقان، جەمىيەتنىڭ مۇقۇملىقىغا تەھتىت سالغان دىگەندەك بۆھتان چاپلانغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلاردۇر.50 يىلدىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمتى خەلقارادا ھەرخىل ئىنسان ھەقلىرى ئەھدىنامىلارغا قاتنىشىپ خەلقارا جەمىيەتنى ئالداش، يالغان سۆزلەش، پاكىتلارنى يال-غان مەلۇم قىلىش، بىرقىسىم ئاجىز دۆلەتلەرنى پۇلغا سېتىۋې-لىش قاتارلىق رەزىل ۋاستىلارنى قوللانسا، دۆلەت ئىچىدە بارلىق ئۇچۇر مەنبەلىرىنى قاتمۇ- قات قامال قىلىش، قاتتىق باستۇرۇش، ئۇنىسىز يوق قىلىۋېتىش، قورقۇتۇش، ۋەسۋەسە پەيدا قىلىش، پۇخرالارغا يالغان تەشۋىق قىلىش ۋاستىلىرىنى قوللۇنۇپ، پۈتۈن شەرقى تۈركىستاننى ئىشىكى مەھكەم تاقالغان قاراڭغۇ تۈرمىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى خەلقارا جەمىيەتكە تولۇق يېتىپ بارالمىدى ھەم خەلقارا جەمىيەتنىڭ دىقىتىنى تارتالمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى پەقەت خىتاي ھۆكۈمتى-نىڭ ساختا مەلۇماتى ئارقىلىقلا چۈشەندۈرىلدى، خالاس. شۇنى كەسىپ ئېيتىشقا بولۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالى دۇنيادا كىشىلىك ئوقۇق ئەھۋالى ئەڭ ناچار دىيىلىۋاتقان پەلەستىندىن نەچچە ھەسسە ناچار .

پەلەستىن تارىختىن بۇيان تۇقۇنۇش ئۈزۈلمەي داۋام قىلىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكى ئۈزلۈكسىز تەھتىتكە ۋە يوقۇتۇشقا ئۇچۇراۋاتقان رايون بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقارا جەمىيەتنىڭ، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ دىققەت – ئېتىۋارىنى قوزغاۋاتىدۇ ھەم ئاخباراتنىڭ مۇھىم نوقتىسى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بىز كۈندە دىگۈدەك ئېلىۋېزوردىن پەلەستىندە يۈزبېرىۋاتقان ئۆلۈم ھادىسلىرىنى، ئىسرائىلىيە ئارمىيىسىنىڭ تۇتقۇن قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەركەتلى-رىنى كۆرۈپ، بۇيەردىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىمىز ھەم ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى ھەققەتەن ئېغىر ئىكەن دىگەن چۈشەنچىگە كىلىمىز. ئەمىلىيەتتە، بۇنى ئۇيغۇر رايونىدىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغاندا بۇ خىل كۆز ئالدىمىزدا كۆرىنىپ تۇرغان ئەھۋاللارنىڭ ھېچقانچە ئەھمىيىتىنى ھېس قىلىمىز. بۇ پەقەت دائىم كۆرۈپ تۇرغانلىقىمىز ۋە ئوچۇق ئاشكارا بۇلۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىكى ساقلانغان مەسىلىنى كۆرۈپ يېتەلىدۇق. ئۇيغۇر رايونىدىكى مەسىلە بولسا بۇنىڭ

ئەكسىچە، ئۇ ختاي هۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق قات قامال قىلىش، يۇشۇرۇن ۋاستە قولللىنىش، مەخپى ىبىجىرىش ئۇسۇلۇنى قوللانغانلىقى ئۇچۇن، خەلقارا جەمىيەت ئۇيغۇر رايونىدىكى يۈز بىرىۋاتقان قانلىق ۋە ئېچىنىشلىق پاجىئەلەردىن خەۋەرسىز قېلىۋاتىدۇ. بۇلارنى ئەمىلى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا مەسىلىنى ئاسان بايقىيالايمىز .

1- پەلەستىنىنىڭ ئۆز ئالدىغا ھەقىقى تۈردىكى ئاپتونومىيە هۆكۈمىتى بار. ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم قانۇن تۈزەلەيدۇ، هۆكۈمەت باشلىقلىرىنى ئەركىن سايلىيالايدۇ، ئۆز ئىشلىرىنى باشلىقلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل باشقۇرالايدۇ. زېمىن دائىرىسىنى قوغدايدىغان ئايرىم قۇراللىق ساقچىلىرى بار. ئۇيغۇر رايونى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئالدىغا ئايرىم ئاپتونومىيە هۆكۈمىتى يوق، ئاپتونومىيە قانۇنى تۈزۈش هوقۇقىمۇ يوق،

گەرچە ختاي هۆكۈمىتى تۈزۈپ بەرگەن ئاپتونومىيە نىزامى بولسىمۇ ئۇ پەقەت قەغەز يۈزىدە، ئەمىلىيەتتە پەقەت ئىجرا قىلىمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزباشلىقلىرىنى ئۆزى سايلىيا- لمايدۇ، ختاي هۆكۈمىتى باشقىلىلارنى، خەلقارا جەمىيەتنى ئالداش ئۈچۈنلا ئۆزى خالىغان بىر ئادەمنى باشلىق قىلىپ سايلاپ قويۇدۇ، ئەمىلىيەتتە بولسا يۇقۇردىن تۆۋەنگىچە ئۇيغۇر باشلىقلار پەقەت قورچاقتىن ئىبارەت ، بىرەر ئىشنى ئۆزئالدىغا تارتىپ مۇستەقىل قىلىشقا يول قويمايدۇ، ھەتتا ئۆز پىكرىنى مۇستەقىل بايان قىلىش هوقۇقىمۇ يوق. ئەگەر تاسادىپىئى بىر ئېغىز سۆزنى خاتا دەپ سالسا،ئۆزىنى تۈرمىدە كۆرىدۇ.



جەمىيەت ئامانلىقىنى قوغدايدىغان ئايرىم ساقچىلىرىمۇ يوق. ختاي هۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى ساقچىلىرى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياۋۇزلاردۇر. ئۇلارغا ختاي هۆكۈمىتى قالىغانچە ئادەم تۇتۇش، قاماش، قىيناش، جىنايەت ئارتىش هوقۇقىنى بەرگەن .

2- پەلەستىن ئاپتونومىيە هۆكۈمىتى نورمالى دېموكراتىك ۋە كىشىلىك ئوقۇقتا ئىگە. گەرچە پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە قانلىق تۇقۇنۇشلارغا پېتىپ قالغان بولسۇمۇ لىكىن هېچقاچان خەلقارا كىشىلىك هوقۇق ختاپنامىسىدا بەلگى- لەنگەن هوقۇقلىرى چەكلەنگەن ئەمەس. ئۇلار يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتىدە ياشىيالايدۇ، ئۆزتىلىنى ئاپتونومىيە دائىرىسىدە هۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئىشلىتەلەيدۇ، باللار مەك- تەپلەردە ئۆز ئانا تىلىدا دەرىس ئاڭلىيالايدۇ، ئىختىيارى يۇسۇندا ئۆز دىنىغا ئىتىقات قىلالايدۇ، كوچىلاردا ئەركىن نامايىش قىلالايدۇ، هەرقانداق قارشى پىكرىنى بىمالال ئەركىن بايان قىلالايدۇ، ھەتتا كوچىلاردا قۇرال كۆتىرىپ يۈرۈپ ئىسرائىلىيە، ساقچىلىرىغا، ئەسكەرلىرىگە ئوق ئاتالايدۇ، هېچ بولمىغاندا تاش ئېتىپ بولسىمۇ ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلىيە- لەيدۇ. بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ئىسرائىلىيە تۈرمىسىدە ياتقان پەلەستىنلىكلەردىن نەچچە ئەسسە ناچار. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مەدەنيىتى، ئۆرپ-ئادىتى بۇيىچە ياشاش، كىيىنىش، پالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى يوق، ختاي هۆكۈمىتى بۇلارنى هەرخىل قاتتىق ۋە يۇمشاق ۋاستىلار بىلەن چەكلىگەن. ئۇيغۇر تىلى پۈتۈن هۆكۈمەت ئالاقىلىرىدىن سىقىپ چىقىرىلغان، مەكتەپلەردە بولسا ئۆز ئانا تىلىدا دەرىس ئاڭلاش چەكلىنىشكە باشلىغان ۋە چەكلەنگەن ، دىنىغا ئىتىقات قىلىش قاتتىق مەنى قىلىنغان، كوچىلاردا نامايىش قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق قىلىش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر، هۆكۈمەتكە قارشى پىكىر بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى بۇنداق خىيالنى قىلىشمۇ خەتەرلىك، ختاي هۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ئوقۇقىمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

3- پەلەستىن ئاپتونومىيە هۆكۈمىتى خەلقارادىكى باشقا دۆلەتلەر ۋە تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە ئورنۇتالايدۇ. جەمىيەتتە بولۇۋاتقان بارلىق ئىشلار ئىخبارات تورى ئارقى- لىق دۇنياغا ئاشكارلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. ئىسرائىلىيە هۆكۈمىتىمۇ مەيلى ئادەم تۇتسۇن، مەيلى پارتلىتىش ۋەقەسى سادىر قىلدى دەپ گۇمانلانغان ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتەرسۇن ھەممىنى كۈندۈزى خەلقى ئالەم ئالدىدا ئېلىپ باردى . شۇڭا تۇقۇنۇشتا قانچە ئادەم ئۆلدى، هازىرغىچە قانچە ئادەم تۈرمىدە ياتىدۇ دىگەندەك سان- سىفىرلارنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى ئادەملەر بىلىدۇ. مەسىلەن: هازىر ئىسرائىلىيە تۈرمىسىدە 6000 پەلەستىنلىكنىڭ بارلىقى ئاخباراتلاردا دائىم سۆزلىنىۋاتىدۇ. ئىسرائىلىيە هۆكۈمىتى جىنايىتى بار دەپ قارىغانلارغا ئۇچۇق سوت ئارقىلىق هۆكۈم قىلىدۇ. مەسىلەن: پەلەستىن قۇراللىق

كۆچلىرىنىڭ رەھبىرى بولغان باركوتنى ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى قانچە قېتىم سوت قىلغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بىراق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقى تۈركىستاندايۈرگىزىۋاتقان سىياسىتى بۇنىڭ ئەكسىچە . ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىلىرىنى قامال قىلغان بولۇپ، ئۇزىدە بولۇۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھلىكلىرىنى، سەتچىلىكلىرىنى تاشقى دۇنيانىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايدۇ.



شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتى ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى بولمىغان ئۇيغۇرلارنى تۇتۇش، قاماش، ئۆلتۈرۈشتە كېچىسى باستۇرۇپ كىرىپ تۇتقۇن قىلىش ۋاستىسىنى قوللۇنۇپ، خەتەرلىك دەپ قارىغانلارنى ئىز-دېرەكسىز يوقىتىۋېتىۋاتىدۇ. گۇمانلىق دەپ قارىغانلىرىغا بولاڭچى، باسقۇنچى دىگەندەك يالغان بۆھتانلارنى پەيدا قىلىپ، ئىچقانداق سوت تەرتىبى بولمىغان ئەھۋالدا ھۆكۈم ئىلان قىلىپ جىنايەت بېكىتىۋاتىدۇ. مەسىلەن: رابىيە قادىرنى ھېچقانداق جىنايىتى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ تۇتقۇن قىلىپ، نەچچە كۈن ئىچىدىلا سوت تەرتىبىگە خىلاپ ھالدا خالىغانچە ھۆكۈم ئىلان قىلدى. ھازىر خىتاي تۈرمىسىدە قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ قاماقلىق ئىكەنلىكىنى، قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ تۈرمىدە ئۆلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتۈن شەرقى تۈركىستاننى چوڭ بىر تۈرمىگە ئايلاندۇرۇپ قۇيۇشى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقارا جەمىيەتنىڭ ھەققى تەكشۈرۈشىنى رەت قىلىشى ياكى بەزىلەرنى پۇل بىرىپ سېتىۋېلىشى بىلەن ئەققى ئەھۋال جامائەتكە ئاشكارلانماي قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا كۆرۈنىشتە پەلەستىنىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالى شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالىدىن ئېغىردەك كۆرىنىدۇ، ئەملىيەتتە بولسا شەرقى تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالى پەلەستىنىدىن نەچچە ھەسسە ناچار، پەقەت بۇنىڭ ئاشكارلان-مىغان يېرىلا بار. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا ھازىر خىتاي تۈرمىلىرىدە بىر مىليونغا يېقىن ئۇيغۇرلارنىڭ ياتقانلىقى مەلۇم. بۇنى خىتاي تۈرمىلىرىنىڭ ئالدىدىكى بالاچاقىلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى ئەرلىرنى، ئاياللىرىنى كۆرگىلى بارغان توپ - توپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاھۇ-زارلىرىنى كۆرسىگىز خىتاي تۈرمىلىرىدە زادى قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ بارلىغىنى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانچىلىك ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئاندىن ھېس قىلالايسىز.

## بىلىم غەزنىسى

شەرقى تۈركىستاننىڭ باينغولىن رايوندىكى ئۇششاقتال ، كۈمۈشلەرنىڭ غەربى شىمالىدا، بالغۇنتاينىڭ شەرقىدە ھازىر-غىچە ھېچقانداق خەرىتىگە چۈشۈرۈلمىگەن مالەن ئىسمىدا بىر شەھەر بار. ئاھالىسى ھەربىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىكلىرى بولۇپ، بىر مىليونغا يېقىن ئادەم ياشايدۇ.پەۋقىلادە ئامانلىق تەدبىرلىرى بىلەن چەكلەنگەن بۇ شەھەرنىڭ سانائەت، ئېلېكتىر-لىشىش،ئىنشائات، بازار تەمىناتى ئالاھىدە بولۇپ، بۇ شەھەردە خىتاينىڭ ئاتوم يادرو بومبىسى مۇتەخەسسلىرى، ھەربى ئەمەلدارلار، ھەربى ئاتوم خىزمەتچىلىرى ۋە مۇداپىئە قىسىملىرى ئائىلىسى بىلەن بىللە، سىرتتىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالدا ياشايدۇ. 1960-يىللاردا قۇرۇلۇشقا باشلىغان بۇ شەھەر 1964- يىلدىن باشلاپ پارتىلىغان 46 قېتىملىق ئاتوم بومبىسىنىڭ جاللاتلىرىنىڭ قارا ئۇگىسىدۇر. خىتايلار- نىڭ ئاتوم تەتقىقات مەركىزى، ئاتوم قۇيۇپ بىرىش پونكىتى ۋە ئاتوم سىناق قوماندانلىق شتابى جايلاشقان بۇ شەھەردە ھەربى ئايرىپىلان مەيدانى، ھەربى تاش يول ۋە لوپنۇر سىناق مەيدانىغا بارىدىغان يەر ئاستى زامانىۋى ئاسفالىت تاش يول بار.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەكلىماكان چۆل-لىكىنىڭ شەرقى شىمال تەرىپىدە، تۇرپان، توقسۇن، پىچان ناھىيلىرىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە، قۇمۇلنىڭ غەربى جەنۇپ تەرىپىدە، كورلا، قارا شەھەرنىڭ شەرىق تەرىپىدە، لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالى تەرىپىدە لوپنۇر چۆل رايونى بولۇپ،33-34- ۋە 733- پولىكلار تەرىپىدىن قورشالغان ئاتوم سىناق مەيدانى بۇ يەرگە جايلاشقان .خىتايلارنىڭ نۇرغۇن قېتىملىق ئۇزۇن مۇساپىلىق ئاتوم بومبىسى بۇ يەرگە چۈشكەن. نۇرغۇن قېتىملىق يەر ئاستى بومبىلىرى بۇ زىمىنلارنى ئوگىتەي- توگىتەي قىلىۋەتكەن . نۇرغۇن قېتىملىق يەر ئۈستى بومبىلىرى بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىنى قاپلاپ، ئەتراپقا تارقالغان.

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىرنىڭ« شەرقى تۈركىستان قوللانمىسى» دىگەن كىتابىدىن ئېلىندى.



# تاجدار شائىر- دولقۇن ياسىن

ئەخمەت ئىگەمبەردى

2003- يىلى 10-ئاينىڭ 11-كۈنى قازاقىستاننىڭ ئالما-ئاتا شەھرىدىكى ئابدۇللا ئەخمەت ئوغلى روزباقىيېۋ نامىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تاللانتلىق شائىرى، پىشقەدەم ژورنالىس دولقۇن ياسىن تەۋەللۇتىنىڭ 65يىللىقى ۋە ئەدەبى ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئەدەبى كېچىلىك بولۇپ ئۆتتى، بۇ ئەدەبى كېچىلىكتە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان،21 -ئەسىرنىڭ تۇنجى سوغىسى سۈپىتىدە خەلقارادىكى ئەڭ نوپۇزغا ئىگە نوبېل مۇكاپاتىنىڭ ئالتۇن مىدالى شائىرىمىز دولقۇن ياسىنغا رەسمى تەقدىم قىلىندى.

نوبېل مۇكاپاتىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقىغا 100 يىل تولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن چىقىرىلغان بۇ ئالتۇن مىدال دۇنيادىكى ئەڭ تاللانتلىق ئىجاتكارلار، ئالىملار، دۆلەت ئەربابلىرى، ئاتاغلىق شائىرلار بولۇپ جەمى 100 كىشىگە تارقىتىلغان ئىدى.

بۇنىڭدىن 5يىل بۇرۇن، يەنى 1998- يىلى دولقۇن ياسىن كۆپ مىللەتلىك قازاقىستان دۆلىتىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن، ئامىرىكا كالىپورنىيە ئىشتاتىدىكى خەلقارالىق ئاكىمدىيىنىڭ ئاكامدىك ئىنۋانىغا ئېرىشكەن ئىدى.

بۈگۈن ئاكىمدىك، شائىرىمىزنىڭ يەنىمۇ بىر پەللە ئۆرلەپ، خەلقارالىق نوبېل مۇكاپاتىنىڭ ئالتۇن مىدالىغا ئېرىشكەنلىكى،يالغۇز ئۇنىڭلا شان- شەرپى بولۇپلا قالماي ئۇنى تەربىيلەپ ئۆستۈرگەن سۆيۈملۈك مىللىتىمىزنىڭ شان-شەرپىدۇر. بولۇپمۇ بۈگۈنكى ۋاقىتتا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى خەلقاراغا «تېرورىس»كۆرسىتىشكە تىرىشۋاتقاندا خەلقارا جەمىيەتنىڭ ئۇيغۇر پەرزەنتى دولقۇن ياسىنغا مۇشۇنداق چوڭ ئاتاق – ئابۇروينى بېرىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىدىكى ئىنتايىن چوڭ تارىخى ۋەقە ھېساپلىنىدۇ.ئۇ ئۆزىنىڭ 50يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا جەمىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنىڭ بايلىقى،شەكلىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى، پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلىكى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شېئرىيەت ساھەسىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

نوبېل ئالتۇن مىدالىنى تاپشۇرۇۋېلىش كېچىلىكىگە كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ئوتتۇرا ئاسىيانى سېستىمىلىق تەتقىقى قىلىش ئاكىمدىيىسىنىڭ رەئىسى، تارىخ پەنلەر ۋە پەلسەپە پەنلەر دوكتۇرى،پىروپىسور رۇستان راخمان ئالىيېۋ ۋە بۇ ئاكىمدىيىنىڭ مۇئاۋۇن رەئىسى،پىراپىسور پىكتىشۇن قاتارلىقلار بار.ئەدەبىي كېچىلىكتە سۆزگە چىققانلار ئارىسىدا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار، يازغۇچى- شائىرلار جامائەت ۋەكىللىرى بار. ئۇلار شائىرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ئالاھىدە باھالاپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە زور مۇئاپىقىيەتلەر تىلىدى.ئىككى يېرىم سائەت داۋاملاشقان بۇ ئەدەبى كېچىلىكتە شائىرنىڭ شېئىرلىرى مەكتەپ سەنئەت گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ۋە ئۇيغۇر تىياتىردىكىلەرنىڭ ئورۇنلىشىدا سورۇن ئەھلىگە يېڭى تۇيغۇلار بەخش ئەتتى.

مەن شائىر دولقۇن ياسىن بىلەن 50 يىلدىن بىرى يېقىن دوسلاردىن بولۇپ،ھەرخىل سەرگۈزەشتىلەرنى بىرلىكتە باشتىن كەچۈردۇق. مەن ئۇنىڭ شەرىپىگە بېغىشلانغان بۇ سۆزلىرىمنى تۆۋەندىكى شېئىر بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇمەن.

ئوكيان ئاتلاپ ئېلىپ كەلدىم ئۆتكەن ياشلىق تېگىنى،
شۇ ئۆمرىمىز بېغىدا قايتا كۈلسۈن نەۋباھار.
سېنىڭ كۈيىڭ، سادايىڭ ئەل ئارزۇسى،ئارمىنى،
قېرىمايدۇ ئەبەتكە ئېلىن سۆيگەن ئىجاتكار.

ئالما-ئاتا   2003-يىلى 11-ئۆتەبىر



# ئۇيغۇر تىلى چەتئەلدە قانچە يىل ياشىيالايدۇ

ئاتار باران

50 يىل. مۇتلەق كۆپىمىزنىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولۇپ، بىزنىڭ ئۇيغۇرلۇقىمىز، تىلىمىز، مەدەنىيىتىمىز باللىرىمىزغا ئۆتكەندە يوقاپ پەقەت دىنىمىزلا ساقلىنىپ قالىدۇ.

مۇساپىرلىق ئانا يۇرتتىن ئايرىلىشلا بولۇپ قالماستىن بەلكى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر پۈتۈن ھايات ۋە بارلىق ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلىرىمىز بىلەن خوشلىشىش، ئۆزىمىزنى ھېچكىم تونۇمايدىغان يات بىر ئەلگە ئاپىرىپ تاشلاش دىگەنلىكتۇر. بۇ خۇددى موللا توختى يۇزىدە بىر ئۇبدان ئۇسسۇۋاتقان ئۇرۇكنى يۇلۇپ ئاپىرىپ موسكۋا دەرياسى بويىغا سانجىپ قويغاندەكلا بىر ئىش. بىزنىڭ مۇساپىرلىق ھاياتقا تەييارلىقىمىز يوق ئىدى. يات ئەلدە جان بېقىش ئۈچۈن ھەسسىلەپ ئېغىر ئىشلەش، ئوقۇش ۋە پايپەتەك بولۇشقا مەجبۇر بولدۇق. بىزنىڭ ئىنىرگىيىمىز ۋە ۋاقتىمىز چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ ئىشلارغا چولىمىز تەگمەيۋاتىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى ھەممىمىزگە تەڭ كىلىۋاتقان پالاكەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، باللىرىمىز ئانا تىلىنى يوقاتماقتا. ئەھۋال ھەممە يەردىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئوخشاش. ئامىرىكا، ئاۋستىرالىيە كانادا ۋە ئەنگلىيەلەردە باللىرىمىزنىڭ تىلى ئىنگلىسچە، ئەرەبستاندا ئەرەپچە، گېرمانىيەدە گېرمانچە، تۈركىيەدە تۈركچە چىقماقتا. بالا دىگەن شۇ. سىرتتا، يەسلى، مەكتەپتە قانداق تىل بولسا شۇنى ئۆگىنىپ كىرىدۇ، ئەمما بىزدە بۇخىل يوقۇلۇشقا قارشى تاقابىل تۇرۇۋاتقانلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، مۇتلەق كۆپچىلىكىمىز بولۇشىغا قويۇپ بىرىۋاتىمىز. ھەتتا بەزىلىرىمىز قوللاپ قۇۋەتلاۋاتىمىز. بىز بۇ دۆلەتلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇشقا كەلمىگەن. بىزنىڭ چەتئەللەردە ياشىشىمىز مىللىتىمىزنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا، ئۆزىمىزنى دۇنياغا بىلدۈرىشكە پايدىسى كۆپ. ئەمما بۇ 50 يىل ياكى 100 يىل بىلەن پۈتىدىغان ئىش ئەمەس. كىچىك مىللەتلەرنىڭ چوڭ مىللەتلەرگە يەم بولۇپ كىتىشى دۇنيا خارەكتىرلىك ئاپەت. ئاسسىمىلاتسىيەگە قارشى كۈرەشمۇ بىر چوڭ دۇنياۋى بىرلىك سەپ بولۇپ، ب.د.ت نۇرغۇن كۈچ ئاجرىتىپ كۆپ تىللىق مائارىپ ۋە ئانا تىل ئۆگىنىشنى تەرغىپ قىلماقتا.

چەتئەل تىلى بىزنىڭ چەتئەلگە چىقىشىمىز ۋە چەتئەلگە چىققاندىن كىيىن جان بېقىشىمىزدىكى ئەڭ ئېغىر ئۆتكەل. بىز تېخى بۇ كۆۋرۈكنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولالماي تۇرۇپ، باللىرىمىز چوڭ بولۇپ چەتئەلچە تىللىرى چىقىشقا باشلاۋاتىدۇ. ھېچقايسىمىز بۇنىڭ يىراق ئاقىۋىتىنى ئويلىماي، ئۆزىمىز ئۆگىنەلمەيۋاتقان بۇ لەنتى تىلنى باللىرىمىزنىڭ بىر چىرايلىق سۆزلەۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۆزىمىزمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ سۆزلەۋاتىمىز ۋە ئۆگىنىۋاتىمىز. كۆپىنچە ئائىلىلەردە بالىلارنىڭ تىلى بۆشۈكتىن ئۇيغۇرچە چىقىدۇ. يەسلى ۋە مەكتەپكە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشنى باشلايدۇ. بۇ بالىلارنىڭ «قوش تىل»لىق بولۇشىنىڭ باشلىنىشى. ئالىملارنىڭ خۇلاسىلىشىچە بالىلارنىڭ تىلىنى «قوش تىل» چىقىرىش تامامەن مۇمكىن ئىكەن. بۇنداق بالىلار يەككە تىللىق بالىلارغا قارىغاندا زىرەك بولۇدىكەن. بىر تىلنى بىلىش يېڭى بىر بىلىم دۇنياسىنى بىلىش دىمەكتۇر. ئەمما بۇ جەرياندا بالىلاردا بىر مەزگىل قايمۇقۇش بولۇدۇ. مەقسىدىنى بىلدۈرەلمەي قىينىلىدۇ. يەسلىدىكىلەرگە ئۇيغۇرچىنى، ئۆيدىكىلەرگە چەتئەلچىنى ئارلاشتۇرۇپ سۆزلەشكە باشلايدۇ. بۇ بىر نورمال

ئەمما ئاچقۇچلۇق مەزگىل. بۇ چاغدا ئاتا- ئانا بولغۇچى ئۆيدە باشتىن ئاخىر ئۇيغۇرچە سۆزلەش، بالىنىڭ چەتئەل تىلىنى ئارلاشتۇرۇپ سۆزلىشىگە قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك. مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيدە ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغانلىقىنى ئەمما يەسلى ۋە مەكتەپلەرنىڭ چەتئەل تىلىدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى سېزىپ ئاستا- ئاستا ئىككى يەردە ئىككى خىل سۆزلەشنى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. ئەمما نۇرغۇن ئائىلىلەردە بۇنداق تۇزۇم يوق. ئاتا- ئانىلار بالىلىرىغا ئەگىشىپ، بالىلىرىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۇيغۇرچىغا چەتئەل تىلىنى ئارلاشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ. ئەمەلى- يەتتە بۇنىڭ ھېچقايسى تىلغا پايدىسى يوق. ئارلاشما تىل مۇھىتى ئىچىدە بالىلار ئىمكان قەدەر بىر ئاسان چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. ئۇلار بۇ جەھەتتە ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، ئۇيغۇر- چىنىڭ پەقەت ئۆيدىلا ئىشلىتىدىغان تىل ئىكەنلىكىنى، ساۋاغداشلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئۇيغۇرچە سۆزلەشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سېزىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇلار ئاتا- ئانىسىنىڭ چەتئەل تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ قالسا ئۇلار- نىڭ كالليسىدا تاللاش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى ھەققىدە بىر خەتەرلىك سىگنال پەيدا بولۇدۇ- دە، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئۇلاردا تۇيۇقسىز ئۇيغۇرچىغا قارشى ئىسيان كۆتىرىپ، ئۇيغۇرچە گەپ قىلسا جاۋاپ بەرمەي جىم تۇرۇۋالىدۇ. بۇ كۆرمشتە هامان ئاتا-ئانا بولغۇچى يېڭىلىدۇ. ئۇلاردىكى ئاتا- ئانىسى چەتئەل تىلىغا بويسۇندۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن خوشال ھايات بىر قانچە يىل داۋاملىشىپ، باشلانغۇچنىڭ مەلۇم سىنىپلىرىغا چىققاندا ئاتا- ئانىسىنىڭ مۇساپىرلىقىنى،چەتئەل تىلىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بىز چالا تىلىمىز بىلەن بالىلار تەلەپ قىلغان بىلىم ۋە يېڭىلىقلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيمىز. يىللار ئۆتكەنسىرى بالىلىرىمىز ئالدىدا «تىلىمىز» ئاجىز ، ئۆزىمىز ئەرزىمەس بىر ئادەم بولۇپ قالىمىز-دە، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز كۈندىن كۈنگە يىراقلاپ،ئۇلار بىلەن پەقەت قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بىر ھالەتلا ساقلىنىپ قالىدۇ.ئۆز ئانا تىلىنى يوقاتقان ئۇيغۇر بالىلىرى ئۇيغۇر تىلىغا ۋە مەدەنىيىتىگە قارىتا سىرتتىن قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇلارنى پەس كۆرمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھەققى ئارلىشالمايدىغان- لىقىنى بىلىدۇ. بالاغەتكە يېتىپ مۇستەقىل ياشاشقا، دوس ۋە مۇھەببەت تاللاشقا ئۆتكەندە ھەققى ھايات كىرىزىسى باشلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى يوقاتقان كىچىك بىر يېڭى توپنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى بايقاپ روھى جەھەتتە يالغۇزلۇق ۋە ئازاپلىق ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. بىز

بالىلىرىمىزنى چەتئەل تىلىنى ياخشى سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت تاپالايدۇ دەپ پەخىرلەنگىنىمىز بىلەن بالىلىرىمىز ئۇنداق ئاددى ئويلىمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىتىدىن ئايرىلىپ باشقا توپلارغا كىرىشكە ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ ئۇ توپلارغا كىرەلمەي تەنها قالغانلىقىنى ئاتا- ئانىسىدىن كۆرۈپ، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ.كەلگۈسىدە ئۇلار قانداق ئىنسانلار بىلەن توي قىلىپ، بىز قانداق نەۋرە- چەۋرىلەرنىڭ ئارىسىدا قالىمىز خۇدا بىلىدۇ. 79- يىللار ئىدى.بۇرھان شەئىدىنىڭ ئۆيىگە ئانچە- مۇنچە بېرىپ تۇراتتىم. بىر يەكشەنبە كۈنى بىر توپ نەۋرىلىرى بوۋىسىنى كۆرگىلى كىلىپ ھەممىسى خىتايچە چۇقۇرۇشۇپ بوۋاينىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. رىشىدە ئاپپاي مىنىڭ ھەيران قالغانلىقىمنى كۆرۈپ دەرھال«بىزدە مىللەت ئايرىمچىلىقى يوق، دۇنيادا ھەممە مىللەت ئوخشاش.»دىگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئاقلىغاندەك قىلدى. يەنە بىر مىللەتنىڭ داھىسى بولغان ئابدۇكېرىم ئاباسوپنىڭ قىزى ئامېرىكىدىكى بوستونغا كىلىپ بىر يىل تۇرۇپ، بىر ئۇيغۇرغا ئارلاشماي كىتىپتۇ. بالىلارنىڭ تىلى شۇ ئائىلىنىڭ مىللى غورورى ۋە تەربىيىسىنى ئاشكارىلايدىغان بىر ئەينەك. ئالدىراپ- تېنەپ مىللى خاسلىقىمىزدىن ۋاز كېچىش بەلكىم ئوبدانراق ئىش تېپىۋېلىشىمىزغا ۋە ياخشى تۇرمۇشتىن ئازىراق راھەتلىنىۋېلىشىمىزغا پايدىسى بولغان بىلەن مىللەت بىزگە مۇھتاج. تەكچىلىرىمىزدە ئۇيغۇرچە كىتاپ- ژورناللار بولسۇن، جەمئىيەتلىرىمىز ئۇيغۇرچە مەكتەپلەرنى ئاچسۇن، ئۆزىمىزمۇ دائىم ئۇيغۇرچە ئۇقۇپ، يېزىپ تۇرايلى. تىل- يېزىق ئىشلىتىپ تۇرمىسا گالللىشىپ كىتىدىغان نەرسە. بۇ جەھەتتە ئۆزبېكلەرنى ئۈلگە قىلىشقا بولۇدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك مىللى غورورىنى تىكلىۋالغان. مەن نيو- يورۇكتا بەزى ئۆزبېك ئائىلىسى بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلار19- ئەسىرلەردە قوقاندىن چىقىپ ئافغانىستانغا بېرىپ، ئۇ يەردىن تۈركىيەگە ئاندىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەپتۇ. ئەمما ئۆز ئىچىدە ھازىرغىچە ئۆزبېك تىلىنى پەقەت تاشلىماپتۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە نەمانگان تەرەپلەردە 50 يىل ئىچىدىلا 2 مىليون يەرلىك ئۇيغۇر«ئۆزبېك» بولۇۋاپتۇ. بۇ 2مىليون سان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ يوقۇتۇشلارنىڭ بىرى. بىزنىڭ غورورىمىز نەگە كەتتى؟ بىز راستىنلا يارىماس خەلقمۇ؟دۇن- يادىكى 20 دۆلەتكە تارقالغان 38 تۈركى مىللەتنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار تارىختا ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەت بولغان. بىز مىڭ يىل بۇرۇن ئۇلۇق ئۇيغۇر ئىمپىرىيىسىنى قۇرۇپ ھەرخىل مەدەنىيەت ئاساسلىرىنى ياراتقاندا باشقا تۈركى مىللەتلەر

يايلاقلاردا قوي بېقىپ يۈرگەن. دۇنيا مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مىڭلارچە قەدىمى ئۇيغۇر قول يازمىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغان نۇرغۇن ھىندىستان، خىتاي، يۇنان ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرى ياتماقتا.تۈرك ئىسلام ئەدەبىياتىدا بىزنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتئاتقۇبىلىگ» قاتارلىق ئەسەرلىرىمىز ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالغان. ئۇيغۇر ئوغلى ئەلشىر نەۋايىنىڭ مىڭلارچە نەزمىلىرى تېخى ھېچقايسى تىلغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ بولمىدى. ئەپسۇسكى 15-ئەسىردىن كېيىن يىپەك يولى ئېتىلىپ قېلىپ، بىزنىڭ يۇرتلارغا ھېچكىم ئاياق باسماس بولۇپ، 500 يىللىق ئۇزۇن جاھالەتكە كىرىپ كەتتۇق. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىللىتىمىزدە ئويغىنىش خېلى تېز بولدى. بىز ھازىر خىتايدا 2-چوڭ مائارىپ ھېساپلىنىمىز.بۇنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەنلەر ئۆز ۋاقتىدا چەتئەلدە ئوقىغان بىر قىسىم زىيالىلار ۋە «تاشكەنتچىلەر»ئىدى. شۇنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىمىز كېرەككى، بىر مىللەت مەيلى تارىختا ياكى ھازىر مەدەنىيەتلىك بولسۇن بولمۇسۇن ئۆز مىللىتىنى،ئۆز تىلىنى قەدىرلەش ياخشى پەزىلەت. ئالدى بىلەن سەن ئۆزەڭنى قەدىرلىمىسەڭ، سېنى ھېچكىم قەدىرلىمەيدۇ.

ھازىر خىتايدا ئىقتىسادى تەرەققىيات ناھايىتى تېز بولۇۋاتقىنى بىلەن ئىدىيولوگىيە، مائارىپ ۋە باشقۇرۇش ساھەلىرىدە ئاللىقاچان كونىراپ ئېتىلىپ قالغان پانخىتايچىلىقنى تەرغىپ قىلماقتا. بۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئاجىز مىللەتلەرنى يوقۇتۇشقا، دۆلەتنى زومىگەرلىككە ھەتتا يېڭى فاشىزىمغا ئېلىپ بارىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى پوزىتسىيەسىنى دەرھال ئۆزگەرتمىسە بىر ئەسىرگە قالماي خىتايدىكى 56 مىللەتنىڭ 50 تۈگەپ پەقەت خىتاي، تۇڭگان، ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغۇل ۋە كورىيەدىن ئىبارەت 6 مىللەت قالىدۇ. تەيۋەن، شاڭگاڭ، ئاۋمەن قاتارلىق يۇلتۇز دۆلەتلەرنى يەپ تاشلاپ چىن شىخۋاڭ دەۋرىگە قايتىدۇ. ئۇ چاغدا خىتاي ئاھالىسىنىڭ كۆپلىكى مەدەنىيىتىنىڭ بىر خىللىقى، باشقا مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ۋە يول قويۇش جەھەتتىكى ئاجىزلىقى دۆلەت ۋە مىللەت مىللەتچى ئەسەبىيلەرنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ، پەرەز قىلىپ بولمايدىغان ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.بۇ مەزگىلگە كەلگەندە پانخىتايچىلارنىڭ كۆزىگە مىق بولۇپ قادالغان مىللەتلەرنىڭ رەڭگا- رەڭ تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ- ئادەتلىرى تىلەپمۇ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان تارىخقا ئايلىنىدۇ.

دېمەك ھازىرقى ۋەزىيەت شۇكى تەدبىر قوللانماسلىق ۋە قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك- يوقىلىش دېمەكتۇر.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى : ئامېرىكا يالې ئونىۋېرسىتىتى

# ۋەتىنىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى

شەرقى تۈركىستان-تۈركىستاننىڭ شەرقى قىسمى بولۇپ، خىتاينىڭ غەربى- شىمالىغا جايلاشقان. شەرق ۋە جەنۇبى تەرىپى كەڭسۇ(گەنسۇ)، كۆكنۇر(چىڭخەي)،تىبەت(شىزاڭ) بىلەن، شەرقى- شىمالدىن- غەربى جەنۇبىغىچە موڭغۇلىستان،روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزستان،تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن 5700 كىلومېتىرلىق ئۇزۇن مۇساپىدە چېگرىلىنىدۇ. شەرىقتىن غەرىپكە قەدەر 1900 كىلومېتىر، جەنۇپتىن شىمالغا قەدەر 1500 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلار، ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ تۆۋەن ئويمانلىقلار، ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى دەريا، ئەڭ چوڭ قۇملۇق ۋە قەدىمى تارىخى شەھەرلەردىن شەكىللەنگەن. ئەمىلى يەر مەيدانى 1مىليون 828 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ھازىر خىتايلار 1مىليون 650مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ئىلان قىلماقتا.

## تاغلىرى

شەرقى تۈركىستاننى ئالتاي تاغلىرى، پامىر تاغلىرى، قارا قۇرۇم تاغلىرى، كوئېنلون تاغلىرى ۋە ئالتۇن تاغلىرى قاتارلىق ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. تەڭرى تاغلىرى بولسا ۋەتىنىمىزنى جەنۇپ ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ.

ئالتاي تاغ تىزمىلىرى- ئالتاي تاغلىرى شەرقى تۈركىستان-نىڭ شەرقى- شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، موڭغۇلىيە، روسىيە، قازاقىستانلار بۇ تاغ ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ. شەرقى تۈركىستان ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقى 400 كىلومېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 774مېتىر ئېگىزلىكتە.

پامىر ئېگىزلىكى- شەرقى تۈركىستاننىڭ غەرىبكە جاي-لاشقان. تەڭرىتاغ، قاراقۇرۇم، ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ گىرە-لىشكەن نوقتىسى بولۇپ،،«تاغلار بوۋىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

كوئېنلون، قاراقۇرۇم، تاغ تىزمىسى- شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. شەرقى تۈركىستاندىكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1800كىلومېتىر، كەڭلىكى1500كىلومېتىر، ئەڭ ئېگىز بولغان چوگۇر چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 8600 مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، جۇمالاڭما چوققىسىدىن قالسىلا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

« شەرقى تۈركىستان قوللانمىسى»دىن ئېلىندى.

# شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى زىندانلاردا

(قىشقىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى)

قىشقىردىن ئاقتۇغا قاراپ36 كىلومېتىر ماڭغاندا مۇش دىگەن بىر رايون بار. بۇ يەردە ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىدىغان-قىشقىر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى بار. تارىختىن بۇيان قان- قىرىزگە بۇغۇلغان بۇ قاتىللار ئۇگزىسى مەخسۇس قاماق ھۆكۈم قىلىنغان سىياسى مەھبۇسلارنى سولايدىغان لاگىر. يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستىدە بىر قەۋەتلىك سېپىل شەكلىدە زىندانلىرى بار. تۈرمىنىڭ 46 نەپەر جاللات - ساقچىسى، 360 نەپەرئەسكىرى بار. تۈرمىدە ھازىر 380نەچچە نەپەر ئۇيغۇر سىياسى مەھبۇس سولانغان. مەھبۇسلار ئاساسەن 3يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلار.تۈرمىدە 58 سولاقخانا بار. ھەربىر سولاقخانىدا 22 نەپەر مەھبۇس ئاستى-ئۈستى كارۋاتلاردا ياتىدۇ. بىر ئادەمگە ئىككى كۇادىرات مېتىر يەر توغرا كىلىدۇ. ئۆي ئىچىدە تاھارەت قاچىسى بولۇپ، مەھبۇسلار كىچە- كۈندۈز باشقىلارنىڭ ئالدىدا چوڭ - كىچىك تاھارەت قىلىشقا بەجبۇر بولىدۇ. تاھارەت قاچىسى كۈندە بىر قېتىم نۆۋەتچى مەھبۇس تەرىپىدىن سىرىتقا تۆكۈلىدۇ. جىنايى جازالار بۆلۈم باشلىقى ئەكبەر جاپپار ئاتلىق 36 ياشلىق ۋىژدانسىز،ئىمانسىزئۇيغۇر جاللات باشچىلىقىدىكى ساقچىلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ.

بۇ لاگىردا يېتىۋاتقان مەھبۇسلار ئاساسەن 1996-يىلى قولغا ئېلىنىپ، 3يىل قاماققا ھۆكۈم قىنغانلار بولۇپ، بۇلارنىڭ 70٪ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئىقرار بولمىغانلار، ھېچقايسى ئادۋوكات تەلەپ قىلالمىغان. مەھبۇسلار ھۆكۈم ئىجراسىدا بولسۇمۇ ھەر كۈنى بەجبۇرى ئىشلەيدۇ ۋە سوراق قىلىنىدۇ.

مەھبۇسلارنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتى تۆۋەندىكىدەك:

ئەتىگەن سائەت 4 تە ئورنىدىن تۇرۇپ، رەتكە تىزىلىپ خىتايچە يوقلىما قىلىنىدۇ.

تۈرمە مەيدانىنى ئايلىنىپ 1 سائەت يۈگرىش.

ئەتىگەنلىك تاماق يېرىم سائەت- بىر ئىستاكان سۇ ۋە 50 گىرام قاتتىق نان بىرىلىدۇ.

چۈشكىچە بەجبۇرى ۋە ۋەزىپە سانى بار ئەمگەك قىلىدۇ.

چۈشتە 1سائەت تاماق- بىر ئىستاكان سۇ ۋە 50گىرام قاتتىق نان بىرىلىدۇ.

كەچكىچە يەنە ۋەزىپە سانى بار بەجبۇرى ئەمگەك قىلىنىدۇ.

كەچتە تاماق- بىر قاچا سۇيقاچ بىرىلىدۇ.

تاماقتىن كيىن بىر سائەتلىك بەجبۇرى يۈگرىش.

ياتاقلارنى بىرلىك قىلىپ ئىككى سائەت كەچلىك سىياسى ئۆگىنىش- مەسىلە تاپشۇرۇش، جازالار...

كۈندىلىك مەجبۇرى ئەمگەك تۈرلىرى:

لاي ئىتىش،خىش قۇيۇش،خىش توشۇش،خۇمداندا خىش پۇشۇرۇش، تاش چېقىش، تاش توشۇش، ئېتىزدا بۇغداي، قۇناق، شال تېرىش، ئۇرۇش، توشۇش ۋە سىرتتىن كۆتىرە ئالغان ئىشلار....خىش، تاش قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتىرىياللىرى سىرىتقا سېتىلىدۇ. ئاشلىق مەھسۇلاتىمۇ سېتىلىدۇ. ھەقسىز ئەمگەكتىن كىرگەن كىرىم ساقچى- ئەسكەرلەرگە مۇكاپات سوممىسى قىلىپ تارقىتىلىپ بىرىلىدۇ.

تۈرمىدە چەكلەنگەن پائالىيەتلەر:

ئالدى بىلەن مەھبۇسلارنىڭ ئاغرىپ قېلىشىغا رۇخسەت يوق. ئاغرىغانلار بەجبۇرى ئىشلىشى شەرت. بولمىسا تاماق بىرىلمەيدۇ. پەقەت ھوشسىزلىنىپ ئورنىدا تاھارەت قىلىپ قويغانلار 36كىلومىتىر يىراقلىقتىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلىدۇياكى يولدا ئۆلۈپ كىتىدۇ. تۈرمىدە دوختۇر ياكى

دوختۇرخانا يوق.

ھەر قېتىملىق تاماق ئالدىداقاتار تىزىلىپ، خىتايچە مەدھىيە ناخشىسى ئوقۇلىدۇ، ئوقۇيالمىغانلارغا تاماق بېرىل- مەيدۇ. خىتايچە ناخشا ئۆگىنەلمىگەنلەر ئاچ قالىدۇ.

بىر ۋاق ناماز ئوقۇغانلارنىڭ جىنايىتى 10 كۈن، بىر كۈن ئوقۇغانلارنىڭ 50 كۈن ئۇزارتىلىدۇ. جىنايى جازا مۇددىتىنى سوت مەھكىمىسى ئەمەس باشقۇرغۇچى ساقچى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ھەركۈنى كەچتە ئېلىپ بېرىلىدىغان 2سائەتلىك سىياسى ئۆگۈنىشتە سوراق ۋە جازالاشلار ئىجرا قىلىنىدۇ.

ۋاقتىدا ياتمىغانلار ۋە قوپمىغانلار، ئۆزئارا گەپلەش- كەنلەر ،قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنلەر، ناخشا ئېيتقانلار، ۋاقىرىغانلار، كۈلگەنلەر، يىغلىغانلار، ھاجەتخانىغا سۇ ئېلىپ كىرگەنلەر، ئەمگەك ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغانلار،ساقچى- ئەسكەرلەرگە گەپ قايتۇرغانلار، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەنلەر ھەممىسى بىردەك ئېغىر جازالىنىدۇ.

جازا ئۇسۇللىرى:

توك كالتەك بىلەن بېشىغا، قوسىقىغا، جايىرىگە ئۇرۇش، قولىنى كەينىگە باغلاپ،تۈۋرۈككە تېڭىپ ئۇرۇش ، ئېسىپ ئۇرۇش، ئايرىلپىلان شەكلىدە تۇرغۇزۇپ قويۇش ، يەرگە ياتقۇزۇپ قولىغا دەسسەش،توك كالتەكنى مەھبۇسلارنىڭ كەينى سۆڭىگە كىرگۈزۈش. گۈندىپايلار ئۆز- لىرىنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن قىزىقچىلىق ھېس قىلىشىپ، قاھ- قاھلاپ كۈلۈشكەن.

ھازىر تۈرمىلەردە تاياق زەربىسىدىن چىشى چۈشۈپ كەتكەن، قۇلۇقىدىن قان ئاقىدىغان، قولى سۇنۇپ كەتكەن، تاشقى سېسىپ كىتىپ ئاختا بولۇپ قالغان،ئىچكى كسەللەرگە گىرىپتار بولغان بەھبۇسلارنىڭ ھېساۋى يوق. ساقچىلار بىرمۇ مەھبۇسنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدۇ. ھەممىسى «ھېجىقىز،كۆت، ھەزىلەك»دىگەن ھاقارەت سۆزلىرى بىلەن چاقىرىلىدۇ.

تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى روھى جەھەتتىن جازالاش ئەڭ قەبىھ بولۇپ، ئادەتتە ساقچىلار مەھبۇسلارغا :«مەركەزدىن سىلەرنى قارشىلىق كۆرسەتسە ئېتىۋېتىڭلار، دىگەن بۇيرۇق كەلدى. بىز يەنىلا سىلەرنى ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇنداقلا ئۇرۇپ، تىللاپ قويىمىز.شىكايەت قىلىپ ئاۋارە بولماڭلار.» دەپ ئۈچۈقتىن-ئۈچۇق تەھدىت سالىدۇ. بەزى ساۋاتسىز ساقچىلار ئاشكارا ھالدا«بىز نىمىشقا دائىم كالتەك بىلەن بېشىڭلارغا ئۇرىمىز، بىلەمسىلەر دۆتلەر؟بەك ئىشلەپ كەتكەن كاللاڭلارنى داۋالاپ ساراڭ قىلىپ چىقىرىۋەتىمىز»،دەپ چالۋاقايدۇ.

جىسمانى جەھەتتە كسەللەرگە قىلىنغان مۇئامىلە ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ساقچىلار مەھبۇسلارنىڭ نەرى ئاغرىغان بولسا توك كالتەك بىلەن شۇ يېرىگە ئۇرۇپ راس- يالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە ھوشسىز يېتىپ قالمىغۇچە دوختۇرخانىغا داۋالاشقا ئاپارمايدۇ.كۆپىنچە كسەل بولغانلار دوختۇرخانىغا ئاپىرىلىپ ئۆلۈكى قايتىپ كەلگەچكە ، دوختۇرخانا ئۆلۈم يولى دەپ قارىلىدۇ. يۇقۇملۇق كسەللەرنى قەستەن ئۆلتۈرۈش ئادەتكە ئايلانغان. ئالىمجان ئىسىملىك بىر مەھبۇس ئېغىر جىگەر كسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ ساقچىلار پەقەت داۋالاتماي، ئەكسىچە «نىمىشقا تېخى ئۆلمەيسەن»دەپ سوراپ تۇرغان. مەممەت ئابدۇللا مەخسۇم قەنت سىيىش كسىلىگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ داۋالىنىشقا يول قويمىغان.

تۆۋەندە بىر قىسىم مەھبۇسلارنىڭ ئىسمى،يېشى، يۇرتى، «جىنايىتى»نى تونۇشتۇرىمىز.

مەممەت ئابدۇللا مەخسۇم ،36 ياش،قارغىلىقتىن،تالىپ ئوقۇتقان، 3يىل كسىلگەن

ئابدۇخېبەر، 30ياش، قارقاشتىن، تالىپ ئوقۇتقان، 3يىل كسىلگەن.

ئالىمجان،(بەيتۇللا جامەسى مەزىنى)28 ياش،7- ئىيۇلدا تۇتۇلغان،3 يىل كسىلگەن.

ئابدۇللا ، 25 ياش، قارغىلىقتىن، دىنى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان،3 يىل كسىلگەن.

ئىدرىس،32 ياش،قارغىلىقتىن، دىنى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان، 3 يىل كسىلگەن.

قاھار، 25 ياش، قارغىلىقتىن، دىنى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان،3 يىل كسىلگەن.

ئابدۇجېلىل، 29 ياش، قارغىلىقتىن،دىنى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان، 3 يىل كسىلگەن

ئابدۇرېھىم مەخسۇم، 30 ياش، چىرىيەدىن، تەشكىلات قۇرغان،3 يىل كسىلگەن.

تۇرسۇننىياز، 32 ياش، چىرىيەدىن، تەشكىلاتقا قات- ناشقان، 3 يىل كسىلگەن.

شەمشىدىن، 18 ياش، قەشقەردىن، تەشكىلاتقا قاتناشقان. 3 يىل كسىلگەن.

ئادىل، 18 ياش، قەشقەردىن، تەشكىلاتقا قاتناشقان، 3 يىل كسىلگەن.

ئابدۇۋەلى، 36 ياش، قەشقەردىن، تەشكىلاتقا قاتناشقان، 3 يىل كسىلگەن.

ئەلى، 16 ياش،قەشقەردىن، تەشكىلاتقا قاتناشقان، 3 يىل كسىلگەن.

ئېلى، 17 ياش، مارالبېشىدىن، تەشكىلاتقا قاتناشقان، 3 يىل كېسىلگەن.

مەمتىمىن، 34 ياش، قارغىلىقتىن، تەشكىلاتقا قاتناش- قان، 3 يىل كېسىلگەن.

باۋۇدۇن، 58 ياش، قارغىلىقتىن، ھۆكۈمەتنى ھاقا- رەتلىگەن، 3 يىل كېسىلگەن.

مەتتۇرسۇن ئاخۇن، 70 ياش، قەشقەردىن، دىنى گېزىت كۆپەيتكەن، 3 يىل كېسىلگەن.

ھىدايىتۇللا ، 22 ياش، قەشقەردىن، دىنى گېزىت تارقاتقان، 3 يىل كېسىلگەن.

ئابدۇخېلىل زىمىن،32 ياش، يەركەندىن، ئادەم يوشۇرغان، 3 يىل كېسىلگەن.

ئابدۇلئەھەت، 24 ياش، يەركەندىن، تەشكىلاتقا قاتناشقان، 3 يىل كېسىلگەن.

مۇھەممەد، 17 ياش، كىرىيەدىن، تەشكىلاتقا قاتناش- قان ، 3يىل كېسىلگەن.

ئابدۇغېنى، 23 ياش، كىرىيەدىن،چەتئەل ژورنىلى ئوقۇغان، 3 يىل كېسىلگەن.

ھەبىبۇللا ، 16 ياش، قارقاشتىن، چەتئەل ژورنىلى ئوقۇغان، 3يىل كېسىلگەن.

ئابدۇۋەلى، 22 ياش، قارقاشتىن، چەتئەل ژورنىلى ئوقۇغان، 3يىل كېسىلگەن.

ئابدۇمىجىت، 27 ياش،قارقاشتىن،چەتئەل ژورنىلى ئوقۇغان،3 يىل كېسىلگەن.

لوپ ناھىيسى ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسى بازار ئىچىدە- دوختۇرخانا ئالدىدا بولۇپ،دائىرىسى چوڭ،يەرئاستى ئىككى قەۋەت،ئۇستىدە بىر قەۋەت تۈرمە ئۆيى بار. ملڭ كىشى سىغىدىغان بۇ تۈرمىنىڭ كامېرلىرى بىر،ئىككى، ئون كىشلىك بولۇپ، ئاستى سېمونىت كۆن نۇرى چۈشمەيدۇ.

سوت مەھكىمىسى ھۆكۈمدىن ئىلگىرى ۋاقىتلىق ئادەم سولايدىغان بۇ تۈرمىدە 280 نەپەر سىياسى مەھبۇس سوراقسىز، ئادۋوكاتسىز ۋە ھۆكۈمسىز ھالدا بىگۇناھ قامىلىپ ياتماقتا. سولانغانلارنىڭ ئالدىغا 3ئاي،كەينىگە بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ تېخىچە بىر تەرەپ قىلىنمىغان.

لوپ تۈرمىسىدىن قېچىپ كەتكەن، دوڭ مەھەللىك توختىنىيازنىڭ ئورنىغا ساقچىلار دادىسى –65 ياشلىق ئابدۇللا ئاخۇننى تۇتۇپ كىلىپ سولاپ قويغىلى ئىككى ئايدىن ئاشقان.

لوپ ساقچى ئىدارىسى 1996- يىلى 9-ئاينىڭ 15- كۈنى دول يېزىسىدىكى ئۆبۇلقاسىم ئىمىننى ھۆكۈمەتكە قارشى سۆز قىلغانلىق بەتنام بىلەن تۇتقان.تۇتقان ۋاقىتتا دول يېزىلىق ساقچى باشلىقى غالچا ئىت – ئابدۇللا رەھىم دىگەن رەھىمسىز ئۆبۇلقاسىمنىڭ چاتىرىقىغا تىزلاپ تاشقىنى چىقىرۋەتكەن. دوختۇرخانىدا ئۇنىڭ بىر تاشقى ئېلىۋېتىلگەندىن كىيىن، نازارەت ئاستىدا ئائىلىسىگە تاپشۇرۇلغان، ئەمما تەپكەن ساقچى تۆھپە كۆرسەتكەن، ھساپلىنىپ ساقچى ئىدارىسى تەرپىدىن تەقدىرلەنگەن.

لوپ ناھىيسدە بىگۇناھ تۇتۇلغان بىر قىسىم كىشىلەر:

ئەنسارى بارى،32 ياش، ھۆكۈمەتكە قارشى سۆز قىلغان، 1995 يىلى سولانغان.

مۇختار،29 ياش، ھۆكۈمەتكە قارشى سۆز قىلغان،5 ئايدىن بىرى ھۆكۈمسىز ياتماقتا.

مەمەت تۇرسۇن، 22ياش، چەتئەل گېزىتى ئوقۇغان، 4 ئايدىن بىرى ھۆكۈمسىز ياتماقتا.

روزى مەمەت توختى، 21 ياش، ھۆكۈمەتكە قارشى سۆز قىلغان ،7 ئايدىن بىرى ھۆكۈمسىز ياتماقتا.

ئېلى مەتتۇرسۇن،19ياش، خىتايلارنى تىللىغان، 7ئايدىن بىرى ھۆكۈمسىز ياتماقتا.

ئابلىمىت، 30 ياش،ھۆكۈمەتكە نارازى بولغان،3ئايدىن بىرى ھۆكۈمسىز ياتماقتا.


ئابدۇكېرىم مەتتۇرسۇن، 24 ياش،ئۇقۇغۇچىلىرىغا مىللى تەشۋىقات قىلغان، 1995 يىلى 8-ئايدا تۇتۇلغان، ئادۋوكات تەلەپ قىلغىنى ئۈچۈن ھازىرغىچە ھۆكۈمسىز ياتماقتا.


ئابدۇلھېمىت غاز، 24 ياش، تەشكىلاتقا قاتناشقان،5 ئايدىن بىرى ھۆكۈمسىز ياتماقتا.

سالاھىدىن، روزىمەمەت، ئابدۇلباسىت....قاتارلىقلار ياتىدۇ.

يوقارقىلار 1996- يىلنىڭ ئاخىرى ئېنىقلانغان بولغاچقا يىل ۋە ئاي چۈشەنچىلىرى شۇ يىلنى ئاساس قىلغان.

تەييارلىغۇچى: غولامىدىن ئەھمەد پاختا






# غەربلىكنىڭ نەزىرى، ھەقىقى ئۇيغۇر ھاياتى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ، مەن بۇ يەردە ئۆز ھېسسىياتىمنى باشقىلارغا ئىزھار قىلماقچى ياكى تاڭماقچى ئەمەسمەن. پەقەت ئۆزۈم ئوقۇپ چىققان نادىر ئەسەر- ئەنگىلىيەلىك كىرىستىئان تىلېرنىڭ (christian tyler) «جۇڭگونىڭ غەربىدىكى ۋارۋارلىق» (wild west china) دىگەن كىتابىدا بايان قىلىنغان ھەقىقى تارىخى- سىياسي نەيرەڭۋازلىقنى، يەنى ھۆر دۇنياغا خەۋەرسىز قالدۇرۇلغان ناتونۇش بىر مىللەت ۋە ماكانىنى، تارىختا سەلتەنەت ۋە بۈيۈك مەدەنىيەت ياراتقان، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى،جەسۇر، ئىجاتكارلىقى بىلەن« يىپەك يولى»دا يۇلتۇزدەك چاقنىغان، تارىخنىڭ بوران -چاپقۇنلىرىدا خىتاينىڭ نەيرەڭۋازلىقىدىن غالىپ كىلىپ، ئۆزىنىڭ پاراستىنى نامايەن قىلغان بىر مىللەتنىڭ 18- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىن باشلاپ خەلقارادىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنىڭ پاجىئەلىك قۇربانىغا ئايلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئانا ماكانى بولغان شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ھەققىدە بەرگەن دەلىللىك تارىخى ئۇچۇرلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە قىسقىچە يەتكۈزۈپ قويماقچىمەن.

ئىشىنىمەنكى، بۇ كىتاپنى ئوقۇپ چىققان ھەربىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىنىڭ نىمىلىكىنى، رەھىمسىز رىئاللىقنىڭ جىددى تاللاش ۋە تاللىنىش گىرداۋىدا تۇرغان مىللەت ۋە ماكانىنىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. كىرىستىئان تىلېر ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخ تەتقىقاتىدا ھېس قىلغان، بىلگەنلىرىنى، بولۇپمۇ ياۋرۇپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىدىن كىيىن باشلانغان پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ بايلىق تالىشىش مەقسىدىدە ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى بىلەن باشقا مىللەتلەرنى ئازاپ-ئوقۇبەتلىك تەقدىرگە دۇچار قىلىپ قويغانلىقىدەك تارىخى ھەقىقەتنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇپ ،يىشىپ بەرگەن. كىرىستىئان تىلېر بۇ كىتاپنى يېزىش ئۈچۈن 10 نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ 368 پارچىدىن ئارتۇق ماتىريال ۋە ئۇچۇرلارنى تەتقىق قىلغان. ئاز بولمىغان تارىخى شەخىسلەر بىلەن بىۋاستە سۆھبەتلەشكەن ھەم ئۆزى شۇ جايلارغا بارغاندا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن رىئالنى ئەھۋاللارنى، ئاڭلىغانلىرىنى، بىۋاستە ھېس قىلغانلىرىنى بىرمۇ- بىر مۇلاھىزە قىلىپ، سېلىشتۇرۇپ يېزىپ چىققان. بىز بۇ كىتاپنى ئوقۇش ئارقىلىق خىتايلارنىڭ پىسخىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق چۈشۈنەلەيمىز. كاللىڭىزدىكى خىتايغا قويغان نۇرغۇن جاۋاپسىز سوئاللىرىڭىزغا جاۋاپ تاپالايسىز. ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر زىمىنىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى،تارىخىنى، ئىچكى زىددىيەتلىرىنى مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنى، قەھرىمان ئوغۇل – قىزلىرىنى ۋە ھازىرقى دۇچ كىلىۋاتقان جىددى سىياسى ۋەزىيىتنى چۈشىنىۋالالايسىز.

بۇ كىتاپ جەمئي ئىككى قىسىم ئون باپ بولۇپ، ئاپتور ھەربىر باپتا ئوخشىمىغان تارىخى دەۋرلەرنى، رىئالنى پاكىتلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ شەرھىلەش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ سېلىشتۇرما مۇلاھىزىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاپتور بۇ كىتاپنى يېزىش مەقسىدى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «پۈتۈن سىياسى ئەسەرلەر سىياسىيلىققا ئىگە بولىدۇ، خىتاي تارىخى تېخىمۇ شۇنداق، ھەتتا ئەڭ سىياسىۋىيلىققا ئىگە دىيىشكە بولىدۇ.»

كىتاپنىڭ 1- قىسمى جەمئى 4 باپ بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ۋە يېقىنقى زامان تارىخى بايان قىلىنغان.

ئاپتور بۇ قىسىمدا خىتاي تارىخچىلىرى، ئەلچىلىرى، ئۇيغۇر، رۇس، تۈرك، غەرب تارىخچىلىرى ۋە ئېكىسپېدىتسىيىچىلىرى يېزىپ قالدۇرغان تارىخى ماتىرىياللارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى، سىياسى ئەھۋالى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، جۇغراپىيىسى ۋە ئاھالىسى ھەققىدە توختالغان. كىتاپنىڭ 2- قىسمى جەمى 6 باپ بولۇپ، بۇ قىسىمدا ئاپتور خىتاي كوممۇنىستلىرى كەلگەندىن كېيىن خىتايلار بىلەن رۇسلار بىرلىشىپ ئېلىپ بارغاب بىر قاتار سىياسى ئويۇنلىرى، ئۇلارنىڭ باشقا يەرلىك مىللەتلەرگە تۇتقان يوقۇتۇش خارەكتىرلىك سىياسەتلىرى، شۇملۇق بىلەن ئېلىپ بارغان سىياسى نەيرەڭۋازلىقى، مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتلەرنىڭ باستۇرۇش ھەركەتلىرىگە قارشى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلىپ بارغان ھەرخىل ھەركەتلىرى، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل سىياسى شەخسلەر بىرمۇ- بىر بايان قىلىنغان.



1-باپتا ئاتالمىش« شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» نىڭ يەر شارىدىكى جايلىشىش ئورنى، ئومۇمى جۇغراپىيىسى، تاغ تىزمىلىرى، ئويمانلىقلىرى، قۇملۇقلىرى، شەھەر بازارلىرى، تارىختىن بۇيان بۇ زىمىندا ياشاپ كەلگەن مىللەت ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ زىمىننىڭ ئۆز خەلقى بولغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «شەرقى تۈركىستان» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى يېزىلغان. ئاپتور ئۆزىنىڭ تارىخى دەلىللىرىنى 19-ئەسىردە باشلانغان «يىپەك يولى»قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرىدە شەرقى تۈركىستانغا بېرىپ، ئېكىسپېدىتسىيە ۋە قېدىرىپ تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان سېۋىن ھېدىن، ئاۋرېل ستەيىن، ئالبىرت ۋون لېكوك، گۈنىان ياررىڭ قاتارلىق ئارخولوگ، تارىخچى، تىلشۇناس ئالىملارنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، قېزىۋالغان ئاسارە-ئەتىقىلەر، ئىلمى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ۋە نەقىل كەلتۈرۈپ، ھازىرقى شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۇمۇمى ئەھۋالى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەن. ئاپتور يەنە سېۋىن ھېدىن، ئاۋرېل ستېين قاتارلىقلار ئىچكى دېڭىز دەپ قارىغان«لوپنۇر» كۆلىنىڭ بۈگۈنى ھەققىدە توختۇلۇپ، بۇ دېڭىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈنلەي قۇرۇپ خىتاينىڭ ئاتوم بومبىسىنىڭ تەجرىبە مەيدانىغا ئايلىنىپ قالغانلىقى، ئەتراپىدىكى خەلق ۋە جانىۋارلارنىڭ ئاتوم بومبىسىنىڭ تەسىرىدە زەھەرلىنىپ خىلمۇ- خىل قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئىشەنچلىك ئىسپات ماتىرىياللار بىلەن بايان قىلغان.

ئەگەر ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننىڭ مول بايلىقى كۆمۈلۈپ ياتقان ئالتۇنتاغ تەبىئى قوغداش رايونىدىكى، چۆمۈلىدەك يامراپ كەتكەن ئالتۇن قازغۇچى خىتايلارنىڭ بۇ «تەبىئى قوغداش» رايونىنى قايسى دەرىجىدە ۋەيران قىلغانلىقىنى، تەكلىماكاندىكى قەدىمى شەھەرلەردىن مىران، كىروانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە بۇ زىمىننىڭ قان تومۇرى بولغان ئەزىم دەريالارنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتىنى ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئادەمنىڭ يۈرىكىنى قان قىلىدىغان ۋەيران قىلىش خارەكتىرلىك ۋەقەلەرنىڭ دەلىللىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، بۇ كىتاپتىن ئەمەلى جاۋاپ ئالالايسىز.

ئىككىنچى باپتا، ئېمپىراتورلار، پادىشاھلار، خان- غوجىلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

ئاپتور شەرقى تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ قەدىمى زىمىن ۋە خەلقى توغرىسىدا توختۇلۇپ مۇنداق يازغان:«كىروران گۈزىلى ئىبراھىم(پەيغەمبەر)دىنمۇ قەدىمى تارىخقا ئىگىدۇر. گەرچە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ تېرىسى قارىداپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ سېھرى گۈزەللىكى بىلەن كىروران گۈزىلى دەپ ھۆرمەتلىنىدۇ. كىروران گۈزىلى يەر ئاستىدا 4000 مىڭ يىلدىن ئارتۇق ياتقان بولسىمۇ، چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمىگەن ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ئۇچلۇق بۇرۇن، نېپىز لەۋلىك ھىندى- ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان بۇ ئايالنى يەرلىك ئۇيغۇرلار "مىللەتنىڭ ئانىسى" دەپ ئاتىشىدۇ.» ئاپتور كىروران گۈزىلى قاتارلىق تارىم دەرياسى بويلىرىدىن ۋە قۇمۇل- تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان 500 دىن ئارتۇق جەسەتنىڭ گىن تىپلىرىنى تەكشۈرۈش- ئىزدىنىشلىرىنى ۋە ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىۋاتقان پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئالىم، تەتقىقاتچىلىرى» ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ئوخشىمىغان پىكىرلىرىنى، ئۇلارنىڭ تارىخنى ئۆز ئىرادىسى ۋە سىياسى

نشانى ئۈچۈن بۇرمۇلاپ، ئۇيدۇرۇپ چىقۋاتقانلىقىنى بىرمۇ- بىر ئىسپاتلىق ماتېرىياللار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئاپتور شەرقى تۈركىستاننىڭ قەدىمقى ۋە بۈگۈنكى ئاھالىسى ئۈستىدە توختىلىپ، مۇنداق خۇلاسە بەرگەن:«تارىم ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان خەلقلەر خىتاي ئىرقىغا تەۋە بولغان خەلق بولماستىن بەلكى، ھىندى- ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان خەلقلەردۇر.» ئاپتور خىتاي تارىخچىلىرى يېزىپ قالدۇرغان تارىخى كىتاپلاردىكى بەزى ئۇچۇرلارغا قارىتا غەرب ئالىملىرىنىڭ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرىنى يېزىپ، خەن ۋە تاڭ سۇلالىلىرى مەلۇماتىدىكى «غەربى يۇرتقا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەلۇمەتلارغا باشقىچە پىكىردە بولۇدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي خاندانلىقى دەپ ئاتاپ كىلىۋاتقان ۋېي، جىن، لياۋ، يۈەن، چىڭ سۇلالىلىرىنىڭ ھېچقاچان خىتاي مىللىتىگە تەۋە ئەمەسلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەگەر سىز مىللەتنىڭ، زېمىننىڭ خورلۇقتا قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلمەكچى بولسىڭىز بۇ باپتىن مەلۇم ساۋاتقا ئېرىشەلەيسىز.

ئاپتور 3- باپتا ئېپارخان ھەققىدە تەپسىلى توختالغان. ئاپتور بۇ باپتا 300 يىلدىن بېرى ئېغىزدىن – ئېغىزغا كۆچۈپ كىلىۋاتقان بۇ سىرلىق شەخسكە بېرىلگەن ھەرقايسى دەۋىرلەرنىڭ ئوخشىمىغان باھالىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:«خىتاي ھۆكۈمىتى ئېپارخاننىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى غەربى يۇرتنى بويسۇندۇرغانلىقىنىڭ سىمۋولى قىلىپ كۆرسەتمەكتە. گەرچە خىتايلار ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئىككى قېتىم غەربى رايونغا بېسىپ كىرگەن بولسىمۇ لېكىن رەسمى تۈردە كونترول قىلالمىغان ئىدى.» بۇ باپتا يەنە مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ قانلىق كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرى، چېگراسىنى بىرمىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇلۇق برىتانىيەنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى ھىندىستانغىچە تۇتاشتۇرغانلىقىنى، شەرقى تۈركىستاندىكى خەلقلەرنىڭ مانجۇ باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خەلقارالىق ۋەزىيەت، قىشقەردە بولۇپ ئۆتكەن قانلىق ۋەقەلەرمۇ جانلىق مىساللار بىلەن باياب قىلىنغان.

1- قىسمىنىڭ ئاخىرقى بابى بولغان 4- باپتا زوزۇڭتاڭنىڭ ئەنگىلىيە ۋە رۇسىيەنىڭ قولى بىلەن شەرقى تۈركىستاننى ناھايىتى ئاسانلا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دائىرىسىگە قوشۇۋالغانلىقى، چىڭ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كىيىن شەرقى تۈركىستاننىڭ يەنىلا ياڭ زىشىڭ، جىن شۇرېن، شىڭ شىسەي قاتارلىق بىرقىسىم خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ قولىغا قېلىپ قان – ياشلىق قىسمەتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېلىپ بارغان ئەركىنلىك كۈرەشلىرىنىڭ مىللەتچىلارغا يان تاياق بولغان سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردەم بىرىشى بىلەن پاجىئەلىك تەقدىرگە دۇچار بولغانلىقى، ئەمدىلا قۇرۇلغان ياش «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئۇزاق ئۆتمەي تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنىڭ سەۋەپلىرىنى، 40- يىللاردىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەت، ماۋزېدۇڭ بىلەن ئىستالىننىڭ رەزىل سىياسى ئويۇنلىرىنى، ئايروپىلان ۋەقەسىگە ئۇچرىدى، دەپ قارىلىۋاتقان شەرقى تۈركىستان رەھبەرلىرىنىڭ كېيىنكى ھاياتى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى جانلىق مىساللار بىلەن شەرھىلىگەن.

كىتاپنىڭ 2- قىسمى جەمى 6 باپ بولۇپ، ئاپتور بۇ باپتا ئۇمۇمەن 49- يىلدىكى ئاتالمىش«تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىش»تىن كېيىنكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھىلىگەر سىياسىتى، رەزىل ئويۇنى، شەرقى تۈركىستاننىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت ۋە زۇلۇملار،خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئەركىنلىك ھەركەتلىرى، مۇھاجىرەتتىكى ۋەتەن دەۋاسى، خوشنا ئەللەرنىڭ ئۇلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى



جانلىق مىسال- ئىسپاتلار بىلەن بىرمۇ- بىر بايان قىلىنغان.

مەن ئىككىنچى قىسمىدىكى تونۇشتۇرۇلغان تارىخى بايانلارنى ئۆز ھېسياتىم،ياكى پۈچىلانغان يۈرەك ئاۋازىم، كىرىشكەن چىشلىرىم، تۈگۈلگەن مۇشلۇرۇم، ۋە ياكى ئۇقۇپ چىققۇچە ئاققۇزغان كۆز ياشلىرىمنى سىزگە ئىزھار قىلماقچى ئەمەسمەن. پەقەت ئەركىنلىك- ھەققەت شەيداسى كىرىستىئان تيلېرنىڭ كۆرگەن، ئاڭلىغان، ھېس قىلغان ئىسپاتلىق بايانلىرىنى قىسقىچە ۋە ئاددى قىلىپ سىزگە يەتكۈزمەكچى. مەقسەت، سىز بىلگەن، ھېس قىلغان ياكى كۆرگەن، ئۇچراتقان چاغلىرىڭىزدىمۇ دىيىشكە، سۆزلەشكە، قارشىلىق قىلىشقا، چۇقان قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئەزىز ۋەتىنىمىزنىڭ ،

خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت، ئازاپ ئوقۇبەتلەرنى قايتا سەمىڭىزگە سېلىش، بىرئاز بولسىمۇ ۋىژدانىڭىزنى قوزغۇتۇش، غىدىقلاش، شۇ ئارقىلىق قولۇڭىزدىن كەلگۈچە ۋەتەن، خەلقىقە تۆھپىڭىزنى ئايىماسلىقىڭىزنى، خۇددى يەھۇدىيلاردەك تىرىشىپ، قانچىلىك بولمىسۇن قارشىلىقىڭىزنى كۆرسىتىشىڭىزنى، ھۆر دۇنيادىكى ئاق كۆڭۈل خەلق، ھۆكۈمەت، تەشكىلاتلارغا بېشىمىزغا كەلگەن ئازاپلارنى ئىرنىمەي، خىجىل بولماي تەشۋىق قىلىشىڭىزنى، ياردەم تەلەپ قىلىشىڭىزنى بارلىق ئۇيغۇرلاردىن تىلىمەكچى.

1949- يىلى 10- ئاينىڭ 20- كۈنى شەرقى تۈركىستان سىۋيت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى ۋە ھىلە- نەيرىڭى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كونتۇروللۇقىغا ئۆتتى. ئاپتور ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقى 1922- يىلى خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسى قۇرۇلغاندا ئالاھىدە بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ ياش پارتىيىنىڭ پورگرامما نىشانى- خىتاي قوشما ئىشتاتلىرى قۇرۇش ئىدى. يەنى خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىگى، تىبەت، موڭغۇلىيە ۋە«شىنجاڭ»دىن ئىبارەت ئىدى. 1931- يىلى بۇ پىروگرامما تېخىمۇ بېيىتىلىپ، موڭغۇل، تىبەت، ئۇيغۇر، مياۋزۇ، كورىيان قاتارلىقلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ۋەدە بىرىلىپ، ئەگەر ئۇلار ئۆزى خالىسا مۇستەقىل بولۇشقا قوشۇلدى. 1935- يىلى ماۋزىدوڭ ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن بۇ پىروگراممىنىڭ نىشانى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. تاكى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئاز-ئازدىن ئۆزگەرتىلىپ ئاخىرى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىلدى»، ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ:«2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىستالىن سىۋيت ئىتتىپاقىدا ياشاۋاتقان تۈركى تىللىق خەلقلەرنىڭ بىرلىشىپ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، خىتاي كومىنىستلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ سىياسى مەقسىدىگە يىتىش ئۈچۈن شەرقى تۈركىستاننى خىتاي ھۆكۈمىتىگە «سوغا»قىلىپ ئۆتتۈدۇ. ئۇنىڭ بەدىلىگە خىتاي ھۆكۈمىتى سىۋيت ئىتتىپاقىنىڭ مەڭگۈلۈك ياردەمچىسى ۋە ئەگەشكۈچىسى بولۇشقا ۋەدە بىرىدۇ. ستالىن پانتۈركىزىمدىن ئەشەددىي قورققىنى ئۈچۈن ماۋزىدوڭغا پانتۈركىزىمدىن ھەزەر ئەيلەش تەكلىۋىنى بىرىدۇ». دىگەندەك، ماۋزىدوڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سىۋيت ئىتتىپاقىدىكى باشقا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدەك «ئۇيغۇرستان» دەۋاسى قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۆزى ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلدە ھەرخىل سىياسى ئويۇنلارنى ئوينىاپ چىقىپ، ئۆزى گۇمانلىق دەپ قارىغان بارلىق كىشىلەرنى ھەرخىل ئاماللار بىلەن ئۆلتۈرۈپ، نابۇت قىلىپ تۈگەتتى. شەرقى تۈركىستاننى ئالدى بىلەن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە پارچىلاپ بۆلۈپ بىرىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارغا ئېتى ئۇلۇق سۈپۈرۈسى قۇرۇق «ئاپتونومىيە» ھوقۇقىنى بەردى. سىز بۇ باپتىن تاكى 80- يىللارغىچە بولغان ئارلىقتا يۈز بەرگەن ھەرخىل سىياسى نەيراڭۋازلىقنى، ئۇيغۇرلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى پاكىتلىق ماتىرياللار بىلەن كۆرەلەيسىز.

6- باپتىن باشلاپ ئاساسەن بۈگۈنكى كۈندىكى خىتاينىڭ ئەسەبىيلەشكەن سىياسىتى، مىللى باستۇرۇشى، دىنى جەھەت- تىكى كەمسىتىشى، مەجبۇرى ئاسسىمىلاتسىيىسى قاتارلىقلار ئۈستىدە تەپسىلى بايان بىرىلگەن.

6- باپتا ئۇمۇمەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزى بىلەن دىنى جەھەتتە تۈپتىن پەرقلىنىدىغان، ئىسلام دىنىدىكى ئۇيغۇرلارنى دىنى جەھەتتە قاتتىق قامال قىلىش، نورمالى دىنى پائالىيەت بولغان ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇشنى چەكلەش، مەچىتلەرنى تاقاش، دىنى تەلىم - تەربىيە ئالغانلارنى دىنى ئەسەبى كۈچ، قانۇنسىز دىنى پائالىيەت دەپ قولغا ئېلىش، تۈرمىگە تاشلاش، تۈرمىلەردە قاتتىق قىيىن- قىستاقلارغا ئېلىش، دىنى زاتلارنى يۇشۇرۇن نازارەت قىلىش، قورقۇتۇش، جامائەت سورۇنلىرىدا دىنى تەلىم ئورنىغا قىزىل خىتاينىڭ رەزىل سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدۇرۇش، قەدىمى كىتاپلىرىنى، دىنى كىتاپلىرىنى يىغىۋېلىپ كۆيدۈرۈش، ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە راس تارىخ يېزىشىنى چەكلەش، تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويماسلىق، ئىلغار پىكىردىكى زىيالىلارنى باستۇرۇش، تۈرمىگە تاشلاش، ئۇيغۇرلارغا قارىتا پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىدە ھەددىدىن زىيادە قاتتىق قول بۇلۇش، ھەتتا ساق تۇغۇلغان بوۋاقلارنىمۇ ئۇكۇل سېلىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇش،



ئېغىر ئاياق ئاياللار بايقالغان ھامان ئىز قوغلاپ يۈرۈپ مەجبۇرى بالىسىنى چۈشۈرۈۋېتىش قاتارلىق جەھەتلىرىدىكى

قىلمىشلىرى ئەمەلىي مىساللار بىلەن بىرمۇ- بىر بايان قىلىنغان.
بۇ باپتا يەنە 1990- يىلى ئاقتۇ بارىندا ئېلىپ بېرىلغان زەيدىن يۇسۇپ باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاپ، «تېيەنئەنمېن» ئوقۇغۇچىلار ھەركىتى، 1993- يىلىدىكى ئاتوم سىنىقىغا قارشى لوپنۇردا ئېلىپ بېرىلغان نامايىش، ھەر يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان قاتتىق زەربە بېرىش ھەركىتىنىڭ خارەكتىرى ۋە ئۇنىڭ مەقسىدى، خوتەن، كۇچار، شايارلاردا بولغان خىتاينىڭ بېسىمىغا قارشى قارشىلىقلار، 1997- يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنىدىكى غولجا ۋەقەسى ۋە خىتايلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىرغىنچىلىقى، تۈرمىدىكى قىيناشلىرى، غۇلجىدىكى مەشرەپ باشچىسى ئابدۇخېلىل ئابدۇمىجىت قاتارلىق قەھرىمان ئوغۇل قىزلىرىمىزنىڭ تۈرمىدىكى ئازاپلىق ھاياتى ۋە ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى تېخىمۇ ئىنچىكە بايان قىلىنغان.



7- باپتا ئاپتور شەرقىي تۈركىستاندىكى قەدىمى شەھەرلەرگە قىلغان سەپەرلىرى جەريانىدا كۆرگەن ماتېرىياللىرىدىن تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، خىتاي ئارمىيىسىنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى ئاتوم بومبىسى سىناق مەيدانى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا كەلتۈرگەن ئېغىر زىيىنى، قىرغىن قىلىنغان ئادەملەرنىڭ دۇۋە- دۇۋە سۆڭەكلىرىنىڭ ئۇچراش جەريانلىرى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئەسكەر كۆچى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا كىلىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرىنى قوغداۋاتقانلىقى، ئىشلەپچىقىرىش — قۇرۇلۇش پولكلىرىنىڭ ئەسلى خارەكتىرى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئاچقان تۈرمىلىرىنى ۋە ئىچكىرىدىن ئېلىپ چىقىۋاتقان ساناقسىز جىنايەتچىلەر، ئۇيغۇر جىنايەتچىلىرىنىڭ جىنايىتىنىڭ خارەكتىرى ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىنى ئېچىش چوڭ دولقۇنىنىڭ ئەسلى پىلانى، شەرقىي تۈركىستانغا كىلىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش جەريانى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشسىزلىق ئەھۋالى قاتارلىقلار سىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىڭىزنى ئەمەلىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

8- باپتا خىتاي ھۆكۈمىتى غەربىنى ئېچىپ، خەلقنى ھاللىق سەۋىيەگە كۆتىرىش دېگەن ساختا تەشۋىقاتى بىلەن خىتاي ئاققۇنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆپلەپ ئورۇنلاش- تۇرۇپ، نوپۇس جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئاسمىلاتسىيە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدەك رەزىل خىيالىنى، يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ قالايمىقان بۇلاڭ- تالاڭ قىلىنىۋات- قانلىقىنى، قالايمىقان بوز يەر ئېچىش، تەبىئى ئورمانلارنى كېسىپ قۇرۇتۇش، ئوتلاق رايونلىرىنى ۋەيران قىلىش نەتىجىسىدە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ۋە ئادەملەر ھايات كۆچۈرۈشكە ماس كېلىدىغان بوستانلىقلارنىڭ ناھايىتى تىز سۈرئەتتە قۇملۇشىۋاتقانلىقىنى يۈرەكنى ئېزىدىغان ئېچىنىشلىق رېئاللىق بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن. غەربنى ئېچىش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن گۈزەل كەلگۈسى بولماستىن بەلكى مىللەت سۈپىتى بىلەن ھالاكەتكە يۈزلىنىدىغان پاجىئەلىك تەقدىرنىڭ باشلىنىشىدۇر.

9- باپتا ئاپتور ئۆزىنىڭ تۈركىيەگە قىلغان سەپىرىنى يازغان بولۇپ، ئالدى بىلەن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە تۈرك ئارمىيىسىدە گېنىرال ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر قوماندان مۇھەممەد رىزا بېكىن ئەپەندىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئاپتور بۇ باپتا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ 1949- يىلدىن كىيىن چەتئەللەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولۇشى، ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن، ئوسمان باتۇر قاتارلىق بىر قىسىم خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ يول ئۈستىدە تارتقان جاپا- مۇشەققەتلىرى، قوغلاپ كەلگەن خىتاي ئارمىيىسى بىلەن بولغان كۆرەشلىرى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دالاي لاما تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىشى، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە تۈركى تىللىق قېرىنداش دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان سوغاق مۇئامىلىسى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭدا ئويناۋاتقان

ئۇيۇنلىرى، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ چىچىلاڭغۇ ئىتىپاقسىزلىقى، ئۇلارنىڭ چۇقۇم بىرلىككە كىلىشى كىرەكلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ چۇقۇم پىلانلىق، مەخسەتلىك ھەركەت ئېلىپ بېرىشى كىرەكلىكى، غەرب ئەللىرىنىڭمۇ شۇنى كۇتىۋاتقانلىقى ناھايىتى زور ئۇمىد بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مىسال كەلتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:« ...ھەربىر ۋەكىلنىڭ بېشىدا پىرىزىينت بولۇش خيالى بولغانلىقى ئۇچۇن ۋەزىپە — پىلانلار ئەمەلگە ئاشمايۋاتىدۇ.» ئاپتور ئۇيغۇرلار تېرورۇسمۇ دىگەن مەسىلە ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ:« كىشىلەر دائىم ئۇيغۇرلار راستىنلا تالىبانلارغا قاتناشقانمۇ؟دەپ سورايدۇ. ئەلبەتتە، بىراق كىشىلەر ئۇنىڭ سەۋەبىنى ياخشى بىلمەيدۇ. ئەگەر بىرەرسى ئۇلارغا خارۋارتتا ئوقۇش ياردەم پۇلى بەرسە ،بۇنىمۇ قۇبۇل قىلىشى مۇمكىن.»

ئاپتور 9-باپنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ 2001- يىلدىن كىيىنكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ ،خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە دۇنيا خەلقىگە مۇنداق سىگنال بەرگەن. «بۇ بېيجىڭ ئۇچۇن ئاسيادىكى يەنە بىر كەشمىر ياكى كوسوۋو بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالىنىڭ زورلۇقىدىن سىگنال بەرمەكتە. »

ئاپتور كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بابى بولغان 10- باپتا



«شىنجاڭ» دىكى ئاق ئالتۇن دەپ ئاتالغان پاختا ئەققىدە توختۇلۇپ، خىتاي پاختىچىلارنىڭ ئالى ھەشەمەتلىك ئۆيى بىلەن ئۇيغۇر پاختىچىلارنىڭ ۋەيرانە ئۇيىنى سېلىشتۇرۇپ، ئوخشاش بىر يەردىكى پاختىچىلارنىڭ ئوخشىمىغان سىياسى مۇھىتىنىڭ تەسرىدە ئوخشىمىغان تەقدىرگە دۇچ

كىلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى جانلىق مىساللار بىلەن چۈشەندۇرگەن. ئاپتور 1970- يىللاردىكى ئۇيغۇر دېھقان باللىرى بىلەن خىتاي باللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلاردا ھەرقاچان ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئۇستۇنلىككە ئىرىشىدىغانلىقى، خىتاي باللىرىنىڭ ئۇلارنى كۆرسە بەدەر قاچىدىغانلىقى، لىكىن ھازىر ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇر باللىرى ئۆزىنىڭ ئانا ماكانىدا خىتايلاردىن خۇددى مۇشۇكنى كۆرگەن چاچقانلاردەك قورقۇدىغانلىقى، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەپ «چوڭ خىتايچىلىق»نىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، تالامۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىگە ئارام بەرمەيۋاتقانلىقىنى ئېچىنىش بىلەن بايان قىلغان. ئاپتور يەنە بۇ باپتا ئاتالمىش «شىنجاڭنى ئاچقۇچى» ئاققۇن خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى نوپۇسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كورلا، غۇلجا، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق ۋىلايەت ئوبلاسلاردا ھەتتا ناھىيە، يېزا بازارلىرىغىچە خىتاي ئاققۇنلىرى ئولتۇراقلاشقان يېڭى شەھەرلەرنى پەريا قىلىپ، نوپۇسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشنى مەجبۇرى كونا شەھەر ۋە يېڭى شەھەرلەرگە بۆلۇپ، خىتاي ئاققۇنلىرىغا قولايلىق شارايىتلارنى يارىتىپ بىرىۋاتقانلىقىنى ئۆزىنىڭ كۆرگەن- بىلگەنلىرى ئاساسىدا تەپسىلى بايان قىلغان. ئاپتور بۇ باپنىڭ ئاخىرىدا خاراپلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئەخلاقى چۈشەنچىلىرى، شەھەر مەدەنىيىتىگە قاراپ يۈزلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كېچىلىك ھاياتى، خىتايلار بىلەن ئوخشىمىغان رېستۇران قىزغىنلىقى،ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئاتالمىش« بەزمەخانا» ھاياتى، مىللەتنىڭ روھى بولغان تىل، دىن، مەدەنىيەتنىڭ تەتۈر قىسمىتى ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ھالەتتىن قۇتۇلىشى ئۇچۇن خىتايلارنىڭ بۇ زېمىندىن چۇقۇم كىتىشى كىرەكلىكنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەمىلى ۋەقەلەر بىلەن بايان قىلغان.

ئاپتورنىڭ يوقارقى 10باپلىق ئەسىرىنىڭ ئاخىرىغا يازغان تۆۋەندىكى قۇرلارغا نەزەر سالايلى:« ئۇيغۇرلارغا، ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ھوقۇق – مەنپەئەتلىرىنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇش تولۇمۇ تەس كەلمەكتە. شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە ئۆز تۇپرۇقىدا كۆپ سانلىق ئەمەس، دەرىجىدىن تاشقىرى قاتتىق بېسىم ، ئاسىمىلاتسىيە، بويسۇندۇرۇش، يىتىم قالدۇرۇش ئۇلارنى ئۆز تۇپرىقىدا مۇساپىر ھېس قىلدۇرمىدقتا.»

تەييارلىغۇچى: قەيسەر ئابدۇرۇسۇل

# شېئىرلار

ئەخمەت ئىگەمبەردى

## دولقۇنغا

ئىسمىدە بار تېخىچە گۈزەل بۇغدا بويىدا،
سىنىپداش بوپ ياشلىقنى ئۆتتى ئەجەپ بىر زامان.
ۋەتەن دەردى، ئەل دەردى ھەربىرىمىز ئويىدا،
لېكىن تەقدىر ئايرىدى، بىزلەر كەتتۇق ھەرتامان.

ئوتقا كىرسەك تەڭ كىردۇق، سادىق بولدۇق دائىما،
گۈزەل ئەنھار بويىدا بەرگەن قۇتلۇق قەسەملەر.
دەشت- چۆللەرگە پالاندۇق، ئەرشكە يەتتى ئاھ-پىغان،
ھېچ ئۈمىدسىز بولمىدۇق باسسا تاغدەك ئەلەملەر.

بەختىڭ ئۈچكەن تاغ ئاتلاپ يەنە ئالدىڭ قەلەمنى،
قەلىمىڭدە كۈيلىدىڭ ئەل دەردىنى، غېمىنى.
داڭقىڭ كەتتى ئالەمگە، ئىجادىڭدىن ئەلرازى،
«ئاپىرىن»دەپ قۇتلايدۇ سەندەك مەردان ئوغلىنى.

يەنە بۈگۈن كۆرۈشتۇق ئالا تاۋنىڭ باغرىدا،
ئاتمىش بەشلىك تويۇڭغا نىسىپ بولدى بۇ پۇرسەت.
ئىجادىمدىن گۈل تىزدىم يۇرت-جامائەت ئالدىدا،
تۇتتۇم دوستۇم سوغامنى مەنسى زور قوبۇل ئەت.

بۇ سوغامدا مۇجەسسەم چىن دوسلۇقنىڭ قامۇسى،
يېرىم ئەسىر ئۆتكىلى داۋانلارنى مات قىلغان.
بۇ قامۇستا بار مەسلەك ئەلنىڭ دەردى، نۇمۇسى،
دۈشمەن يىغلاپ دوس كۈلۈپ، ھە بىزنىمۇ شاد قىلغان.

ئوكيان ئاتلاپ ئېپ كەلدىم، ئۆتكەن ياشلىق تېگىنى،
شۇ ئۆمرىمىز بېغىدا قايتا كۈلسۇن نەۋباھار.
سېنىڭ كۈيۈڭ، سادايىڭ ئەل ئارزۇسى، ئارمىنى،
قېرىمايدۇ ئەبەتكە ئېلىن سۆيگەن ئىجاتكار.

## بىر سىقىم تۇپراق

كىتەردە خوش ئېيتىپ ئانام بېشىدىن،
يوللۇق دەپ بىر سىقىم تۇپراقنى ئالدىم.
ئايرىلغان چېغىمدا ئانا تۇپراقتىن،
كۆز ئۆزمەي ئارقامغا قاراپلا قالدىم.

خوش ئانا ۋەتىنىم – سۆيگەن دىيارىم،
ئويلىسام ۋەتىنىم نەلەردە قالدىڭ.
مەن ئۆزۈم يىراقتا، يىراقتا روھىم ،
ئۆز ۋەتەن مېھرىدە ئەسىر بوپ قالدى.

باشلارغا قادالغان شۇ قارا قىسمەت،
بىزلەرنى ۋەتەندىن ئەيلىدى جۇدا.
مىللىتىم ئاھىدىن ئالەمچە نەپرەت،
باسقۇسى سېنى ئەي«بېيجىڭلىق» خۇدا.

شۇ ھېجىران تاغلىرى باسسا يۈرەكنى ،
كۆزۈمگە سۈرتىمەن تۇپراقنى ئېلىپ.
ئېلى گۈلزارىدىن ئېلىپ چېچەكلەر،
ھەم تارىم چۆلىدىن كىلىمەن كىزىپ.

ھاياتلىق ھەمىشەم تاسادىپقا باي،
نەلەردە ئۆلۈشنى بىلمەيدۇ كىشى.
ئارزۇيۇم: قەبرەمگە ۋەتەن بەرسۇن جاي،
دەيمەنۇ، بۇ بىراق تەقدىرنىڭ ئىشى.

ئۆلادىم تەك كۆمگىن چەتلەردە قالسام،
شۇ تۇپراق جىسمىمنى قۇچاقلاپ ياتسۇن.
ۋەتەننىڭ گادىيى- غېرىپ روھلىرىم،
ھەر سەھەر ۋەتەننى ئىزدىسۇن، تاپسۇن.
1987يىلى 20- دېكابىر ئادېلايدې

## تەشۋىش

بۇ دۇنيا -پانىيدۇر، بۇ دۇنيا ئۆتەر،
بىلىمەن بىزنى ھەم بۇ تۇپراق كۈتەر.

توختىماي يىل ئۆتەر،ئەسىرلەرمۇ ھەم،
قىز كەبى ياسىنىپ باھارلار كېلەر.

باھارنى سۆيگەنتۇق مەجنۇن مىسالى،
كۈيدۇرۇپ، سۆيدۇرۇپ كۆكلەممۇ كېلەر.

باھارنىڭ كەينىدىن كېلەر يېشىل ياز،
ھە ئۇنىڭ گۈل ھۆسنى دىلنى شات ئېتەر.

كۈز كېلەر تۈگۈمەس نېمىتى بىلەن،
باغلارغا،تاغلارغا ئالتۇن زەرسېپەر.

ئالتۇن كۈز كەينىدىن كېلەر قىش تېزدىن،
ئۇمۇ ئۆز يولىدا شاتلىق بەخش ئېتەر.

زامانلار ئۆتۇدۇ پەلەك چەرىخ ئېتىپ،
سەرىمەس خۇيى شۇ نە تەشۋىش چېكەر.

ئۇلۇممۇ چاغلىققۇ قىينار بىر تەشۋىش،
شۇ مەزلۇم مىللەتنىڭ ھالى نەكېچەر.
1998-يىلى ئاۋغۇست ئىستانبۇل

## تاڭ چېغى

كائىنات ئۇيقۇن ئاچار،قوينى ناھاردۇر تاڭ چېغى،
شۇنچە ئۆز ھۆسنى بىلەن قوينى باھاردۇر تاڭ چېغى.

تۇننى قوغلاپ كۈنمۇ چىقتى قىرمىزى رومال ئوراپ،
تەلمۈرۈپ مەشۇقىنى كۈتكەن ياردۇر تاڭ چېغى.

قىر-ئېتىزلار، باغ- ۋارانلار يايپېشىل لىباس ئوراپ،
كۈن نۇرىغا ئاچتى باغرىن ئىنتىزاردۇر تاڭ چېغى.

ئەنە سەبدە، مانا لالە، يەنە رېھان شاد كۈلەر،
گۈلچىمەن باغ، كوچا كويلار تولغان ئىپاردۇر تاڭ چېغى.

ۋاھ ئەجەپ تاڭ سەيلىسى، ئالەم شۇ چاغ شوخ بەزمىدە،
سايرىغاي باغلار ئارا قۇشلار خۇماردۇر تاڭ چېغى.

تاڭ پەرىيسى كۈيگە چىللاپ«تۇر ئىجادى ئال قەلەم»،
دەيدۇ تاڭنى كۈيلىمەي يېتىش گۇناھدۇر تاڭ چېغى.
1985-يىلى 4- ئاپرېل ئادېلايدې

## ئەمدى

ئىشىت ئەرزىمنى ئەي دىلبەر، ئادالىقى ئىلتىجا ئەمدى،
ئېچىلماس بۇ قارا كۆڭلۈم ئەلەمگە مۇپتىلا ئەمدى.

نىجاتلىق يۇلتۇزۇم سەندىك بېشىم ئۆزرە يېنىپ تۇرغان،
يۈزۈڭنى جۇت بۇلۇت توستى، ئىسسىت بەختىم قارا ئەمدى.

كۆزۈڭدىن ياشلىرىڭ كۆرۈپ قارا زۇلمەتكە پۈت ئاتسام،
رەقىبىم ئەزدى قەلبىمنى يۈرەك دەرتتىن يارا ئەمدى.

ئاشىق دەردى شىپا تاپقاي گۈزەل مەشۇق ۋاپاسىدىن،
بۇنى دۇشمەن راۋا كۆرمەس تېپىلماس ئىچ داۋا ئەمدى.

بۇلۇپ بۇلبۇل سېنى كۈيلەپ، گۈلۈم غۇنچەك سۆيەلمەسمەن،
رىزا بول شورلۇق ئىشقىمدىن ساڭا بولسۇن ئاگاھ ئەمدى.

تۇر ئويغان، قالما غەپلەتتە، رەقىبىڭ قەستى بەختىڭدە ،
كۆزۈمدىن ئاقتى قان ياشلار ساڭا بولدى جاكاھ ئەمدى.

بارۇرمەن مۇيىتۇڭزىغا شۇ دەم ئاخىر دەم سېنى يادلاپ،
تۇرار جاللات قىلىچ شىلتىپ بېشىم تەندىن جۇدا ئەمدى.

نە ئارمان، بىر كېلىپ كۈنلەر يۇرۇق تاڭ سۇبھىنى سۆيسەڭ،
ئىسىڭگە ئال غېرىبىڭنى، ئامان بول ئەلۋىدا ئەمدى.

# شېئىرلار

## تۇركئلي باقي

### ۋەتەن

ۋەتەن يىلتىزدۇر،قان ۋە ماغدۇرۇڭ،
يىلتىزسىز گىيا ئالامدە يوقتۇر.
ئۇيغۇرىستانىم دىگىن نەرە تارت،
ئىزىز شۇ ۋەتەن بىزگىلا خاستۇر.

ۋەتەن ھەسرىتى تىغ بوپ ئۇرۇلدى،
يۇرەكلىرىم كەتتى چاك-چاك يىرىلىپ.
كۆز يىشى قۇتقازماس قىسمەتتىن بىزنى،
دۇشمەنگە بول يولۋاس،بارغىن ئېتىلىپ.

ئۇمىدلەر كۇرەشتە،تارىختا ئەمەس،
كۆك بۆرە روھىدىن ئالغىن جاسارەت.
ئايلىنىپ سەن ئەمدى شەمشەر،قىلىچقا،
كۇرەشتە جان بىرىپ تاپقىن پاراغەت.

ۋەتەن ئوغلى بول، ۋەتەن قىزى ھەم،
ئەركىنلىك بايرىغىن ۋەتەنگە ئاسقىن.
ئەۋلاتلار ھۆرلۇكنىڭ تەمىن تېتىسۇن،
ئۇيغۇر بوپ دۇنيادا نۇسرەتلەر تاپقىن



### ئۇيغۇرۇم

مەن ئەركىن، ۋە دەرخ ئۇيغۇرۇم ئەركىن ئەمەس،
ئۇلارغا ھەرىبىر ماكان بولدى تار قەپەس.
نىمشقا تەڭسىزلىك كۆلەر تېلىقىپ،
نىچۈن ئۇيغۇرغۇلا كىلەر ھىلە - نەس.

ئۇمىدنى ھاپاشلاپ يۇدۇپلا كەلدىم،
سەلتەنەت تارىخىدا بولماققا نامزات.
يىللارنى قوغلۇشۇپ باستىم مىڭ قەدەم،
ۋەتەننىڭ باغرىنى بولسا دەپ ئازات.

چەيلەندى ۋەتەننىڭ ئالتۇن تۇپرىقى،
شاھ- سەنەم چىملىرى سولدى، قۇرىدى.
چىدىدى بۇ ئالەم تارىخ يىشىغا ،
كىم سورار،ئۇيغۇرنى كىملەر بۇلدى.

كۆلەلەلمەيمەن تاڭلىرىم ئاتماي تۇرۇپ،
سۆزلىمەيمەن يىڭى تارىخ يازماي تۇرۇپ.
دىيەلەيمەن بىر ئۇزۇمنى قانداقمۇ ئەركىن،
ھۆرلۇكنىڭ مارشلىرىن ياڭراتماي تۇرۇپ.



### قىسمەت

ئۇيغۇر يىگىتنىڭ كۆزلىرى غەمكىن،
ئۇيغۇر گۈزىلىنىڭ چىرايى مىسكىن.
ھايات بولالمىدى پەقەتلا تەمكىن،
بۇ ئاچچىق قىسمەتتىن تۆكۆلەر يىشىم.

بۇ گۇننىڭ قايغۇسى،ئەتە تەشۋىشى،
ئۆز گۇرۇپ قالمىدى ھايات قىلمىشى.
ئۇيغۇرنىڭ بار پەقەت دەرتلىك كەشمىشى،
بۇ ئاچچىق قىسمەتتىن تۆكىلەر يىشىم.

گەۋدىلەر تىنك بولماي مۇكچەيدى بەللەر،
شاتلىقلار يوقۇلۇپ كۆپەيدى غەملەر.
ھايات ئۇزۇقىدا يوقالدى غەملەر،
بۇ ئاچچىق قىسمەتتىن تۆكىلەر يىشىم.

چۇشۇپ كەتكەچ قىلىچلار ئۇيغۇر قولىدىن،

مەغرۇرلۇق يوقالدى ئۆننىڭ روھىدىن.
ئازغۇنلار ماڭمىدى ئەجداد يولىدىن،
بۇ ئاچچىق قىسمەتتىن تۆكىلەر يىشىم.

ۋەتەن دەپ يۈرىكى ئاغرىغانلار بار،
ھۆرلىكنىڭ تېگىغا ھەممىدىن بەك زار.
مىڭ ئەپسۇس، بوپ قالدى كۆرمىش يولى تار،
بۇ ئاچچىق قىسمەتتىن تۆكىلەر يىشىم.

ئوغلانلار ئارمىنى بىزگىمۇ ئارمان ،
بىلمەيمەن كىم بولار دەرتلەرگە دەرمان.
ئىمە دەپ سۆزلەركىن بۇ رەزىل دەۋران،
بۇ ئاچچىق قىسمەتتىن تۆكىلەر يىشىم.



## كۆزگۈل كۆزۈم

كۆرمىدىم ھېچبىر زامان مېھرى- ۋاپا مەنزىلىنى،
ئۇۋلىناركەن زاۋال پەيتى مەن ئىزدىگەن كۆكۈل ئۆيى.
تاكى تاڭدىن كەچ كىرگىچە تېگىرقايمەن مەن ئۆزۈم،
مەن ئىزدىسەم ئۇ قاچىدۇ قەيەردىكىن قارارگاھى.

زار يىغلىسام يالغۇزلۇقنىڭ دەردىدە سەۋدايىدەك،
يۈرەكلىرىم تىترەپ مېنىڭ غېرىپ جىسمىم ھالسىزلىنار.
تەرىك ئەتكەن تۇپراقلىرىم ھېدلىرىغا مەن سىزىك.
نە قالغايمۇ ماغدۇرلۇرۇم ،تۇمۇرلۇرۇم قانسىزلىنار.

مەن ئۆزۈم دېۋانىدەك ئىزدەپ يۈرۈپ ئىسسىق ماكان،
تەكلىماكان قۇملىرىدىن ئۇدۇم ئالدىم كۆچ-كۆچ بولۇپ.
تاپقىنىمغا كۆزۈم كۆلدى كۆلەلمىدى كۆكۈل كۆزۈم،
شاتلىقى يوق گۈلۈستاننىڭ كىتەر ئىكەن بەرگى تۆزۈپ.

كىلەر بىر ئاي ئىسمىمغىمۇ،ئاي مىسالى يىگانىمەن،
يۈرەي قايان ھەسرىتىمگە لوقمان ھاكىم تاپالمىدىم.
غېرىپ جىسمىم غېرىپلىقتا، ئۆزەم تەنھا خىيال ئەيلەپ،
ھاياتلىققا قويۇپ سۇئال يە بىر جاۋاپ ئالالمىدىم.



## ئەلەم

پەلەك ھەجەپ تەتۈر كەلدى ئۇيغۇرۇم ساڭا،
ھەر زاماندا ئۇنۇپ تۇردى يوللىرىڭغا تىكەن.
تۇن ئۆزۈراپ ئاتمىدى تاڭ ساڭلا پەقەت،
مەشئەل يىقىپ يۇرۇتارغا بىر دوستۇڭ يوقمەن .

شەربەت سۇنساڭ، زەھەر بىرىپ قىسلىگەچ رەقىپ،
ھەر تارىختا قان يىشىڭنىڭ ئۇچمەس دېغى بار.
ئۇيغۇر دىگەن سەلتەنەتنىڭ تاجىسى بولغاچ،
ھەر ماكاندا كۆرەلمەسنىڭ يامان كۆزى بار.

گۇنا ئەمەس ئۇيغۇر بولۇپ ياشاۋاتقىنىڭ ،
گۇنا پەقەت گۈل ۋەتەندە ئىتنىڭ يۈرگىنى.
ئەلەم قىلار مەنزىللەرگە ھېچ يىتمەي تۇرۇپ،
كارۋانلارنى شۇ ئىتلارنىڭ قوغلاپ يۈرگىنى.

ساپ نەسىللىك ئىنسان زاتى ئۇيغۇرسەن ئۆزۈڭ،
ئىبلىس بىلەن قوشۇلمايدۇ ئەبەتكە قېنىڭ.
قان ئىچمەكلىك چىلبۆرىنىڭ خومارى ئەبەت،
ئال قۇلۇڭغا ئوقيارىڭنى تىترەپ تۇرمىغىن.

بىر شۇملۇقنى تىلەپ پەقەت ھوقۇش چىقرار،
قارا تۈننى ۋەھىمىگە تولدۇرۇپ دائىم.
ئۇيغۇر دەردىڭ يىتەر ئاخىر پەلەككە بىر كۈن،
بۇلار شۇندا بۇ ئالامدە قىيامەت- قايۇم .





# شۇنداق .....

## ئەخمەتجان ئوسمان

**فائز ئائتاپ (سۈرىيە)**

دىمەك شۇنداق......دەل شۇ سائەتتە
ئۆرلىمەكتىسەن ئايروپىلان پەلەمپىيىدىن.
رۇخسەت قىلما ئۆزۈڭگە جاسارەتسىزلىك
بىرازدىن كېيىن بولسەن شۇ ئايروپىلاندا
غوجا بولغان ھالدا پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭغا.

قارا ياكى قارىما كەينىڭگە
ئۇزاتمايدۇ سېنى دوستلۇرۇڭ
ئۇزۇتۇشار ئۆزلىرىنى ئۇلار پەقەتلا.

ئايروپىلانغا باقىدۇ رەپىقەڭ نورما:
چېلىقمايدۇ كۆزىگە ئۇ ئەمما
قىزىڭ دىلبەر بىلەن دېڭىز يۇمماس كۆزىنى:
قەھرىتاندەك ئايروپىلاندا ئىللىق بىر بەدەن.

ئاسمانغا قارا ياكى قارىما!
ئۇ كۆرمەيدۇ سېنى زادىلا
پەيغەمبەرلەر بىلەن مەشغۇل ئۇ.

ئۆرلىمىسۇن كۆزىڭگە مۇڭلۇق ھاياجان،
قالسۇن كۆزۈڭ شۇنداق ساپ- سۈزۈك،
سىغسۇن ئاڭا غەيرەت كەڭلىكى،
تولسۇن ئاڭا ماكان تەل- تۆكۈس
قۇچاقلىنىپ قايتىدىن.

رۇخسەت قىلما لەۋلىرىڭنىڭ تىترىشىگە ،
ھاۋا سوغۇق.... سوغۇق ھەممە سۇ،
بارچە سۆزلەر بۇندا قەھرىتان.
رۇخسەت قىلما لەۋلىرىڭنىڭ تىترىشىگە،
قالسۇن ھەممە شۇنداق تىپ- تىنچ
تەڭرىلەرنىڭ لەۋلىرى كەبى.

ئۆكسمە
يىغلىما
تەبەسسۇم قىلما
ئاڭلىما
سۆزلىمە
كۆرمە
قارىما
.....

بولۇشسىز قىل بارلىق ئەرەپ پېئىللىرىنى.
دىمەك شۇنداق.... دەل شۇ سائەتتە
ئۆرلىمەكتىسەن ئايروپىلان پەلەمپىيىدىن.
نىمە دىگەن قەدىردانلار ئايدۇرۇمدا؟!
نىمە دىگەن ئىسلىمىلەر تۇزىماقتا
بۇ دەم دىياردا؟!

دىمەك شۇنداق ....دەل شۇ سائەتتە
ئۆرلىمەكتىسەن ئايروپىلان پەلەمپىيىدىن.

كىم ئولتۇرار سەن بىلەن ئايروپىلاندا؟
ئادالەتنى چۈشەۋاتقان ئۇيغۇرمۇ؟!
تەشۋىشنى دىيەلمەي ئىككىلەنگەن ئامرىكىلىقمۇ؟!
سالاھىتى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقان سۈرىيەلىكمۇ؟!
ياكى پۈتكۈل مۇئەسسەلەر،
دائىرلەر، كاتەكچىلەر،
تىل يىلنامىلىرىدىن يىگىلگەن شۇ ئىنسانمۇ؟!

كىم ئولتۇرار سەن بىلەن ئايروپىلاندا؟
سەرسانلىقىڭنى كۈزۈتۈپ تۇرغان ماركسمۇ؟
ساڭا تونۇش بولمىغان مۇھەممەدمۇ يە!
تۇراقسىز بۇ ھاۋا رايىدىن
ھەيران يۈرگەن ھۆسەن ھاجىپمۇ؟!
قاپقاراڭغۇ تەنھالىقىڭدىن
يۈپ-يۇرۇق ئۇچار قۇشلار بوشلۇقىغا
چىققان ئەخمەت ئىسكەندەرمۇ يە؟!
ياكى نازىم مۇھەننامۇ ئۇ
ماۋۇ ياكى ئاۋۇ زاماننىڭ كۈزەتكۈچىسى؟!

بىلەمسەنكىن ھې، ئې بىلسەن،

ئۆلتۈرار ئۇ سەن بىلەن دىمەك
ئۇشبۇ سوغوق سەھەردە
ئۇشبۇ سوغوق ئاخشامدا
يەردىن كۆككە كۆتىرىلگەن ئايرۇپىلاندا
ئۇ بىر ئىنسان ساڭا تونۇش ياكى ناتونۇش،
نە بىر ھەيرەت، نە بىر ئادىللىق
ئەكس ئىتەر كۆزىدە،
نە بىر قورقۇنچ نە بىر شىجائەت،
نە بىر ئۈمىد نە بىر ئۈمىدسىزلىك،
ئەنە ئۇ:
بۇ دەم ۋە ئەتە
بۇ يەر ئۇ يەردە
ئەنە، ئۇكى ئەخمەتجان ئوسمان.

■



# بالام


تۇركىزات ئابىت

بالام سېنىڭ تۇغۇلۇشىڭ ماڭا ئالەمچە شاتلىق ئېلىپ كەلدى. ۋۇجۇدۇڭدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان سەبى كۈلكىلەر ئىنسانىنىڭ كىينىكى ھاياتىدىكى مامكاپتەك تۈزۈپ كىتىدىغان پاكلىقتىن جۇلا بىرىپ تۇراتتى. مەن سەندىكى بۇ جۇلانىڭ مەڭگۇ نۇر بىرىشىنى تولۇمۇ ئۈمىد قىلىمەن . ئىنسان رەزىلمۇ ياكى دۇنيامۇ ؟ بۇ ھاياتلىقنىڭ ھەممىمىزگە قالدۇرغان مەۋھۇم تەرىپى. سەن چوڭ بولغانچە سېنى قانداق مەۋھۇم نەرسىنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيمەن. پەقەت سېنىڭ جەمەت دەرىخىمىزنىڭ بىر شېخى بولۇپ يىلتىزىمىزدىن ئورۇن ئالغىنىڭ بېشىمنى كۆككە يەتكۈزدى.

سېنىڭ چوڭ بولۇشىڭنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن زور بەخت. سېنىڭ كۆزئالدىمدا تايتاڭشىپ مېڭىشىڭ غەم- غۇسسۇلىرىمنى كۆڭلۈمدىن بىردەم بولسىمۇ نېرى قىلىدۇ . بىراق مەن، سەن ئاناڭنىڭ قوسىقىدىكى چاغدىلا سېنىڭ كەلگۈسىڭ ۋە تەقدىرىڭ ئەققىدە كۆپ ئويلانغان ۋە ئەندىشە قىلغان ئىدىم. چۈنكى سەن تېخى ئۆزۈڭنىڭ نامۇۋاپىق بىر زاماندا تۇغۇلۇپ قالغانلىقىڭدىن خەۋەرسىز. ھازىر ئادەملەردە ئىمان دىيانەت يوقالدى ، ۋاپادارلىق، ساداقەت، شەرمى- ھايا قالمىدى. ھۆرلۈك، پىداكارلىق، نۇمۇس دېگەنلەرنى ئۇنتۇدى. ھەممە يەرنى مەنمەنچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، پەسكەشلىك قاپلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن مەھكۇملۇقتا ياشاۋاتقان بىر بىچارە مىللەتنىڭ پەرزەنتى. مەن ھاقارەتلىك تارىخىمىزنى ساڭا قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيمەن. بىز ھەممىدىن مەھرۇم قالغان بەختسىز ئىنسان. مەندە خورلۇقتىن باشقا ساڭا بەرگۈدەك ھېچنىمە يوق. ئەسلى ئاتا بولغۇچى پەرزەنتى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىيالىشى، ئەركىن- ھۆر ھايات، بەختىيار تۇرمۇش يارىتالىشى كىرەك ئىدى. بىراق بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق، بىز زۇلۇمدىن، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ،سىلەرنىڭ كەلگۈسىڭلارنى ئويلاشنىڭ ئورنىغا بىر- بىرىمىزگە تۈزكورلۇق قىلىشنى، بىردەملىك شەخسى تۇيغۇنى دەپ ئاۋامنىڭ مەنپەتىنى قۇربان قىلىشنى ئەۋزەل كۆردۇق. بىز ھازىر مىللەتنىڭ ئەڭ زەئىپ، خۇنۇك، چۈشكۈن دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىمىز. مەرتلىك، باتۇرلۇق بىزدىن 500 يىل يىراقتا قالغان . سەن بۇلارنى بىلگەن چاغدا خۇددى بىز ئەجداتلاردىن ئاغرىنغاندەك سەنمۇ بىزدىن ئاغرىنارسەنمۇ؟بىراق بىزنىڭ ئەجداتلاردىن ئاغرىنىشقا ئەققىمىز يوق، سېنىڭ بىزدىن ئاغرىنىشقا ھەققىڭ بار.چۈنكى بىز ئەجداتلار ياراتقان نەرسىلەردىن ھېچنىمنى ساڭا ساقلاپ بىرەلمىدۇق.تىلىمىزدىن، دىنىمىزدىن ھەتتا ئاتا ماكانىمىزدىن ئايرىلدۇق.

سەن كىچىك تۇرۇپلا يات بىر توپ باللارئارىسىدا بۇيۇن قىسىپ تۇرغانلىقىڭنى كۆرگىنىمدە ۋۇجۇدۇم لەختە قان بولۇدۇ. كەچۈر بالام، سېنىڭ تايچاقتەك تىمەن، شاد بولۇشىڭنى ئارزۇ قىلاتتىم .بىراق، سەن مۈشۈ يېشىڭدىلا مىسكىن چوڭ بولدۇڭ. سەن تېخى بىزنىڭ ۋەتەنسىز سەرسان بولۇپ يۈرگىنىمىزنى بىلمەيسەن. ئەگەر مەندە ئۆلۈمگە جۈرئەت قىلغۇدەك روھ بولغان بولسا ئىدى. ۋىژدانىمغا ۋە ساڭا ئازراق بولسىمۇ يۈز كىلەلىگەن بولاتتىم. بىراق بىز بىر ئەۋلات كىشىلەر ۋىژداننى، نومۇسنى بىلمەيمىز، بولمىسا بۇگۈنكىدەك بەختسىز كۈنگە قالمىغان بولاتتۇق. بالام سېنىڭ نامۇۋاپىق بىر زاماندا تۇغۇلۇپ قالغانلىقىڭغا ئۆكۈنىمەن. سېنىڭ تەقدىرىڭ قانداق بولار؟ سېنىڭ بىزدەك بىچارە ھالىتىڭنى كۆرگۈم يوق.

مەن كۆپ ئويلاندىم، قۇللۇقتىن ئۆلۈم ئەلا. مەن ساڭا تېڭىرقاش ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتىمنى ،ئامالسىزلىقتىن ئىگىرىغان پەريادىمنى ئەمەس بەلكى، دۈشمەنگە قارشى ئېتىلغان ۋۇجۇدۇمنى، مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان پاك قەلبىمنى، ھۆرلۈك ئۈچۈن مادارغا تولغان روھىمنى قالدۇرۇپ كىتەي بالام . بۇ ساڭا ئازراق بولسىمۇ روھى ئوزۇق بولسا ئەجەپ ئەمەس .




ۋەتەن تۇپرىقىدىن ئايرىلىپ ياۋرۇپاغا كەلگىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. لېكىن بۇ جەرياندا ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ قانداق بولۇدىغانلىقىدىن ئىبارەت بولدى. ئۇزۇن مەزگىل ئاسارەتكە مەھكۇم بولغان مىللەتنىڭ ئەركىن پىكىر قىلىش، ھەقىقى ئىنساندەك ياشاش ھەم ئۆز قانۇنى دائىرسىدە خالىغانچە ياشاش ھوقۇقى تارتىۋېلىنغاندا ۋە مەجبۇرى مۇشۇ ئادالەتسىز مۇھىتقا كۆندۈرۈلگەندە، ئۆز ۋەتىنىنىڭ نامىدىن قورقماي تۇرۇپ پەخىرلىنالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدىكەن. ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنىڭ نامىنى خالىغانچە تىلغا ئالالماي، بۇ دىگەن ئۇيغۇرنىڭ زىمىنى دىگەن ئۇقۇمنى ئەۋلاتلارغا ئۇچۇق- ئاشكارە ئۆگۈتەلمىگەندە، ئۆز تۇپرىقىدا تۇرۇپ خۇددى سىرتتىن كەلگەن كەلگۈندىدەك ئۆگەيلىك تەسىراتىغا كېلىپ قالىدىكەن. بارلىق ئۇيغۇرغا ئورتاق بولغان ئاسارەتنىڭ بۇ ئاچچىق سېزىمى ئېچىنىشلىق پەرقى، ۋەتەن تۇپرىقىدىن ئايرىلىپ چەتئەللەردە ئادەمدەك ياشاش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇرنى تېخىمۇ قاتتىق ئازابلاپ، ۋەتەنسىزلىكنىڭ نىملىكىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلدۈرىدىكەن. مۇستەقىللىق بىلەن ئاسارەتنىڭ، بايلىق بىلەن نامراتلىقنىڭ، مۇستەبىتلىك بىلەن دېموكراتىيەنىڭ ئادەم ئۈچۈن نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سۇ بىلەن ئوتنىڭ پەرقىدەك ئېنىق نامايەن قىلىدىكەن. ئەركىن دۆلەتتىكى ئەركىن پۇخرالارنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇنىغا، سىياسىتىگە ئاشكارە ئارىلىشىش، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئۇچۇق ئاشكارە سۆزلەش، نارازىلىقىنى بىلدۈرۈش هوقۇقىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى، بىزدەك ھەق- هوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان مىللەت كىشىلىرىگە تامامەن ياتقىچە تۇيۇلۇپ، بىزكىم، بىز قانداق ياشىدۇق، ئەمدى قانداق ياشىشىمىز كېرەك دىگەندەك ئېغىر سوئاللار دۆۋىسى ئادەمنى ھەرزامان ئازابلايدىكەن.

بۇ يەردە ھايات تىرىكچىلىكى ۋە ئازغىنە پۇل ئۈچۈن ئاتا- ئانا بىلەن پەرزەنت، ئۇرۇق-تۇققان بىلەن قېرىنداش ۋە دوست- بۇرادەرلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان رەزىللىكلەر يوق. خىزمەت ۋە تىجارەت غېمىدە ئۇيان-بۇيان چېپىپ ھالسىراپ كېتىشلەر يوق. پۇلسىز داۋالىنالماي ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىشلەر يوق. دېھقان بىلەن كادىرنىڭ ئاسمان- زېمىن پەرقى بۇ يەردە يوق. ئۆي-ماكانسىز تېنەپ يۈرۈپ ئوقۇشسىزقېلىپ، كىچىك تۇرۇپلا جىنايەت يولىغا مېڭىپ كېتىدىغان، ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمەي هارۋا سۆرەپ تىجارەت قىلىدىغان، ئاشخانا-ناۋايخانىلاردا مەدىكار بولۇپ ئىشلەيدىغان، كىچىك تۇرۇپلا ھۈنەر ئۆگۈنىشكە مەجبۇر بولىدىغان باللار بۇ يەردە يوق. پۇل ئۈچۈن ئۆز غورورىنىڭ دەپسەندە بولۇشىغا چىداشلىق بېرىپ ياشايدىغان بىچارە قىزلار بۇ يەردە يوق. باققۇچىسى يوق پۇل، تاماققا زار بولۇپ ياشايدىغان، ئاخىرقى ئۆمرىنى جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزىۋاتقان موماي بوۋايلار بۇ يەردە يوق. تىرىكچىلىك جاپاسىدا مۈكچىيىپ قالغان ئايالالار ۋە خۇدا ئاتا قىلغان پەرزەنتلىرىنى تۇغۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي زار قاقشاپ يۈرگەن ياش ئانىلار بۇ يەردە يوق.

بۇ يەردىكى ئادەمسىز، ساقچىسىز، ئازادە چىرايلىق كوچىلار، كىشىلەرنىڭ بىخارامان يۈرۈشلىرى، سىياسى شۇئارلاردىن مۇستەسنا ھايات، بارلىق مەنپەئەتلەر ۋە ھايات ئەمىزەللىكلىرىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى، بۇ يەردىكى ئادەملەردە تامامەن بېخەتەرلىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغان. ۋەتەندە بولسا خىتاي رايونىدىن مىڭلاپ-ئون مىڭلاپ ئېقىپ كىرىپ، كوچىلاردا سىغدىلىشىپ، قالايمىقان ۋاقىرىشىپ يۈرۈشكەن سۈپەتسىز، ساپاسىز، خىتاي ئاققۇنلىرى ۋە ھەر قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدىغان ساقچىلار، شەھەردىن يېزىغىچە ئومۇملاشقان سىياسى شۇئارۋازلىق، قاتتىق سىياسى بېسىم ئۇيغۇرلاردا ۋەھىمە، قورقۇش، ئۈمىدسىزلىك، غەزەپ تۇيغۇلىرىنى پەيدا قىلغان.

باللار بىلەن ئانىلارنىڭ بارلىق ھوقۇق- مەنپەئەتلىرىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى بىر دۆلەتنىڭ تەرەقىيات سەۋىيەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم ئۆلچەم. بىراق ۋەتەندىكى سانسىز ئانىلار ۋە باللار بۇ ئۆلچەمدىن تولىمۇ يىراق.

ۋەتەن زىمىنىدا توختىماي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان

ئاتوم-يادرو سىنىقى، يەمەكلىك سۈپىتىنىڭ ناچارلىشىشى، ئوزۇقلۇقنىڭ ناچار بولۇشى تۈپەيلى ئادەملەرنىڭ جىسمانى ۋە زېھنى قۇۋۋىتى تۆۋەنلەپ بارماقتا. بىر تەرەپتىن تۈرلۈك تۈمەن خىل تۇغۇت چەكلەش دورىلىرى ۋە تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەلىرى ئاياللارنىڭ سالامەتلىكىنى كاردىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈللۈك كۈن كەچۈرىشىگە، خىزمەت ۋە تىجارەت قىلىشىغا توسالغۇ بولماقتا. يېزىلاردا بولسا ھەر يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پىلانلىق تۇغۇتنى تەشۋىق قىلىش ئېيىدا تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنى بەجبۇرى تىراكتۇر، ماشىنىلارغا بېسىپ، ئۇلارنىڭ داد-پەريادلىرىغا قۇلاق سالماستىن يېزا دوختۇرخانىلىرىنىڭ كونا، ناچار ئوپېراتسىيە سايمانلىرىنى ئىشلىتىش نەتىجىسىدە سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن ۋە بىر ئۆمۈر مەجرۇھ بولۇپ قالغان ئاياللارنىڭ دەردىنى ئېيتارغا يەر تاپالماي چارىسىز قېلىشلىرى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق- تۇققانلىرى، دوس بۇرادەرلىرى، تونۇش- بىلىشلىرى ئارىسىدا داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرماقتا. لېكىن ۋەتەنگە ھەر كۈنى مىڭلاپ-ئونمىڭلاپ كىلىۋاتقان خىتاي ئاققۇنلىرىغا مۇئامىلە تامامەن باشقىچە. ئۇلارغا قارىتىلغان نوپۇس ئېنقىلاش سىياسىتىمۇ ئانچە چىڭ ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەرقانداقىدىن سورىسا ھەربىرىنىڭ كام دېگەندە 2-3كىچە بالىلىرى بارلىقنى ئېيتىدۇ. ھەم ئۆزىمىزمۇ ئەتراپىمىزدىن ئۇلارنىڭ چۇقۇرۇشۇپ يۈرگەن بالىلىرىنى كۆرەلەيمىز. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىككى قوللۇق سىياسەت قوللۇنۇش نەتىجىسىدە ۋەتەن كوچىلىرىدا تىقما- تىقماق بولۇپ يۈرگەن خىتاي پۇخرالىرى بارلىق ئىش ئورۇنلىرى، تىجارەت، ھۈنەر-كەسپلەردە مۇئاپىق ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتلىق، تىرىكچىلىك مەنبەسىنى ئاساسى جەھەتتىن ئۆز قولىغا ئالغان. ئۇيغۇرلار بارلىق جان بېقىش ئورۇنلىرىدىن ئاستا-ئاستا سىقىپ چىقىرىلماقتا. شەھەر-بازار كوچىلىرىدا يول كېڭەيتىش باناسى بىلەن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئورۇنلارنى ئۆرۈپ چېقىپ، ئۇيغۇر مەھەللىرىنى تارقاقلاشتۇرۇش، بايلىق مەنبەلىرىنىڭ خالىغانچە بۇلاڭ – تالاڭ قىلىنىشى، ئادەم ياشاش ئىمكانىيىتى چەكلىك بولغان بۇ تار تۇپراقتا ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئادەمنىڭ قىستىلىشىپ ياشىشى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ زور دەرىجىدە بۇلغۇنىشى، قاتمۇ- قات سىياسى بېسىم تۈپەيلى ئۇيغۇرلار ئەقلى ۋە جىسمانى جەھەتتە ئېغىر خىرىسقا ۋە يوقۇلۇشقا دۇچ كەلمەكتە.

بىزنىڭ ئاياللىرىمىز غەربىي ئەللىرىدىكىدەك ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىدىن تولۇمۇ يىراقتا. ئۇلار بۇ يەردىكىدەك تۇغۇتنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى ھەقسىز تەكشۈرۈش، داۋالىنىش، تۇغۇش ۋە بىر يىلغىچە ھۆكۈمەت خىراجىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. بۇ يەردە ئاياللار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقلار دېھقان، ئىشچى، كادىر، تىجارەتچى، ئائىلە ئايالى دەپ ئايرىلمايدۇ. ئۇلار تۇغۇپ بىر يىلغىچە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن تەمىنلىنىپ، ئۆيىدە بالىلىرىنى خاتىرجەم ئىمىتىپ، بىر ياشقا تولغاندا شارائىتى ياخشى بولغان يەسلىلەرگە تەربىيەگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر ئاياللىرىچۇ؟ ئىنتايىن ئاز ساندىكى ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلغان ئاياللارلا ئاران 3-4 ئايلا دەم ئېلىپ بالىلىرىنى ھېچقانداق بالا بېقىش تەربىيسى كۆرمىگەن مەكتەپ يېشىدىكى كىچىك قىزلارغا بېقىشقا تاپشۇرۇپ، خىزمەتكە بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شەھەر-يېزىلاردىكى نۇرغۇنلىغان بالىلار يەسلى تەربىيسى كۆرمەيلا مەكتەپكە بېرىشقا مەجبۇر. بالىلار ئۈچۈن بۇ يەردىكىدەك كۆڭۈللۈك مۇھىت يوق. ھەم ئانىلارمۇ بۇ يەردىكىدەك بالىلىرىنى ھارۋىلارغا سېلىپ ھېچنىمىدىن غېمى يوق بازار ئايلىنىپ يۈرۈش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولغۇنى يوق.

مەن بىر ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ يەر بىلەن ئېزىز ۋەتىنىمنىڭ پەرقىنى ھەم جاپاكەش، بەختسىز ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئورنى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ناھايىتى كۆپ. ئادەمنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلىدىغان ناھايىتى زور پەرق، ئادالەتسىز مۇئامىلە بىزنىڭ ئاشۇ باي زىمىنىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈنلىمۇ؟خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ دىنىمىزنى يوقۇتۇشقا، مىللى سۈپىتىمىزنى ئۆزگەرتىشكە، بىزنى بۇ زېمىندىن يوق قىلىشقا ھەركەت قىلماقتا.لېكىن بۇ مۇمكىنمۇ خاراپلىشىپ، مۇنقەرىز بولۇپ ئۆز ئەجدادىنىڭ سەلتەنىتىنى سېغىنىپ ياش تۆكىدىغان ئاجىز مىللەتلەرنىمۇ خۇدا مەڭگۈلۈك ئاسارەتكە مەھكۇم قىلىۋەتكىنى يوق. بىز ئۆزمۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىمىز، ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىمىز، دۇنيادىكى ھۆر مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ بايرىغىمىزنى جەۋلان قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بىزدە يېتەرلىك جاسارەت، مىللى روھ،كۆرەش قىلىش غەيرىتىلا بولىدىكەن خۇدا بىزگە ھامىنى بىر كۈنى نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا بىز ئازاپ ئىچىدە قايتا تۇرىلىشىمىز، ئازاپ ئىچىدە قايتا ئويغىنىشىمىز، ئازاپ ئىچىدە كۆرەش قىلىش ئىرادىسىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

# خەلقارا سەھنىدىكى كىشىلىك ھوقۇق

ئايشەم ئابدۇرېھىم

كىشىلىك ھوقۇق-كىشىلەرنىڭ بەھرىلىنىشىگە تېگىشلىك بولغان بارلىق ھوقۇقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمىنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە 200 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، پەقەت 1948- يىلى 12- ئاينىڭ10-كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ چوڭ يىغىنى قارار ماقۇللاپ، «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى» نى ئېلان قىلغاندىن كېيىنلا خەلقارادا رەسمىي قانۇنىي ئاساسقا ئىگە بولدى. بۇ «خىتاپنامە» جەمئىي 30 ماددىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، 2- ماددىسىدا «ھەمىلى ئۆز قانداق ئۇخشىمىغان دۆلەت ۋە رايوندا ياشىمىسۇن بارلىق كىشىلەر بۇ خىتاپنامىدا دېيىلگەن بارلىق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ، مىللەت، ئىرق، جىنس، تىل، دىن، دۆلەت تەۋەلىكى، ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشى، مال- مۈلكى،تۇغۇلۇشى، سىياسىي سالاھىيىتى ۋە باشقا سالاھىيەتلىرى جەھەتلەردە پەرق ئايرىلمايدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇق مەزمۇنىنى يىغىنچاقلىغاندا چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك 3تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1- پۇخرالىق ھوقۇق ۋە سىياسىي ھوقۇق.

2-ئىقتىسادىي ھوقۇق،مەدەنىيەت ھوقۇقى، ئىجتىمائىي ھوقۇق .

3-كوللېكتىپ ھوقۇق يەنى مىللەتلەرنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، تەرەققىي قىلىش، تىنچ ۋە بەختتەر بولۇش، ساغلام مۇھىتقا ئىگە بولۇش ھوقۇقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ھازىرغىچە كىشىلىك ھوقۇققا مۇناسىۋەتلىك بولغان« خىتاپنامە »ۋە ھەرخىل قارارلاردىن 115پارچە ئېلان قىلغان بولۇپ، مۇھىملىرىدىن تۆۋەندىكىلىرى بار:

1- 1948-يىلى 12- ئاينىڭ 10 -كۈنى ئېلان قىلغان «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى»

2- 1959-يىلى 11-ئاينىڭ 21-كۈنى ئېلان قىلغان «باللار ھوقۇقى خىتاپنامىسى».

3-1963-يىلى11-ئاينىڭ 20-كۈنى ئېلان قىلغان «ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقۇتۇش خىتاپنامىسى»

4- 1967-يىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى ئېلان قىلغان «ئاياللارنى كەمسىتىشنى يوقۇتۇش خىتاپنامىسى».

5- 1976-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى ئېلان قىلغان « مېيىپلار ھوقۇقى خىتاپنامىسى»

6- 1976-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى ئېلان قىلغان «بارلىق كىشىلەرنىڭ ۋەھشى، قەبىھ ئۇسۇلدا جازالانماسلىقىنى، ئىنسانپەرۋەرلىككە يات بولغان خورلىنىش ۋە جازالىنىشقا ئۇچۇرىماسلىقىنى قوغداش خىتاپنامىسى».

7- 1978-يىلى 12-ئاينىڭ 5-كۈنى ئېلان قىلغان «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش خىتاپنامىسى».

8- 1981-يىلى 11-ئاينىڭ 13-كۈنى ئېلان قىلغان «دىن ياكى ئېتىقات سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بارلىق شەكىلدىكى كەمسىتىشنى يوقۇتۇش خىتاپنامىسى».

9- 1992-يىلى 12-ئاينىڭ 18-كۈنى ئېلان قىلغان «دىن، تىل جەھەتتە ئاز سانلىق بولغان مىللەت، قەبىلىلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش خىتاپنامىسى».

گەرچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئالاھىدە كۆپ تەرتىپكە قويۇپ ،دۇنيا مىقياسىدا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى تولۇق ھەل قىلىشنى ئويلىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلىك ھوقۇق ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى .ئەڭ چوڭ مەسىلىنىڭ بىرى بولۇپ تۇرماقتا. دۇنيادىكى 126 دېموكراتىك دۆلەتتىن باشقا دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان پۇخرالارنىڭ .ئەڭ ئەقەللىي ياشاش ھوقۇقىنىڭمۇ كاپالەتكە ئىگە بولمايۋاتقانلىقى دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولماقتا. بىراق خىتايغا ئوخشاش دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسىغا قاتناشقان ( خىتاي ھۆكۈمىتى 1982 - يىلى بۇ ئەھدىنامىغا قاتناشقان) مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ھەرخىل ھىيلە- نەيرەڭ بىلەن خەلقارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىنى بوياپ ۋە ئۆزىگە ئوخشاش كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتە مەسىلىسى بار ،ئاجىز تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرنى پۇل بېرىش ۋاستىسى بىلەن ئەتراپىغا توپلاپ، ئۇلارنىڭ ساختا ئاۋاز بېرىش بەدىلىگە جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلماقتا. كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ۋە شۇ دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان پۇخرالارنىڭ خېلى بۇرۇنلا جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشكەن مۇھىم مەسىلە بولۇپ، 20- ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن باشلاپلا كىشىلىك

ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان . ھازىر خەلقارادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق تەش- كىلاتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تەسىرى چوڭلىرىدىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى«كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى»، «ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى»، «ئامېرىكا قىتئەسى دۆلەتلىرى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى»،«خەلقارالىق ئالاھىدە كەچۈرۈم تەشكىلاتى »،«خەلقارالىق كىشىلىك ھوقۇق بىرلەشمىسى»، «خەلقارا كىشىلىك ھوقۇق ئىتتىپاقى»، «خەلقاراكىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتلار كومىتېتى»قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە تەسىر دائىرىسى ئەڭ چوڭى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى بولۇپ،1946- يىلى 2- ئايدا قۇرۇلغان، باش ئىشتابى جەنۋەدە. بۇ كومىتېتقا دەسلەپتە 8دۆلەت ئەزا ئىدى. 1979- يىلغا كەلگەندە ئەزالار سانى كۆپىيىپ 43 دۆلەتكە يەتكەن.1991-يىلدىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ 48- قېتىملىق يىغىنىدىن باشلاپ ئەزالار سانىنى 53كە كۆپەيتكەن بولۇپ، ئەزالار تەقسىماتى تۆۋەندىكىدەك بولغان؛ ئاسىيا قىتئەسىدىن 12 دۆلەت، ئافرىقا قىتئەسىدىن15دۆلەت، شەرقىي ياۋروپادىن 5دۆلەت، غەربىي ياۋروپا ۋە باشقا رايونلاردىن 10 دۆلەت، ئامېرىكا قىتئەسىگە تەۋە رايونلاردىن 11 دۆلەت.كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ھەر يىلى باھار پەسلىدە 6 ھەپتىلىك ئەزالار يىغىنى ئاچىدۇ. بۇ يىغىنغا53 ئەزا دۆلەتتىن باشقا بىرلەشكەن دۆلەتلەرتەشكىلاتىغا ئەزا ۋە ئەزا ئەمەس دۆلەتلەرنىڭ مەخسۇس ئورگانلىرى، رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلار، خەلقارادا تەسىرگە ئىگە پارتىيە گورۇھلارمۇ قاتنىشىدۇ. 10 نەچچە يىلدىن بېرى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم دېموكراتىك دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ختاي ھۆكۈمىتىنى ئەيىپلەش قارار لايىھىسىنى سۇنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن 53 ئەزا دۆلەتنىڭ ئافرىقا، ئاسىيا، لاتىن ئامېرىكىدىن كەلگەن دۆلەت ئەھۋالى ناچار، ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان، كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتە مەسىلىسى بار، دېموكراتىك ئېڭى تۆۋەن بولغان بىر قىسىم دۆلەت ۋەكىللىرى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئازدۇرۇشى ۋە غەرب دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ئۇلارنى داۋاملىق ئەيىپلەپ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ختاي ھۆكۈمىتىنى قوللاش خاھىشى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. شۇڭا ھەر قېتىملىق كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا بىر ياكى ئىككى ئاۋازنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن ختاي ھۆكۈمىتى ئەيىپلىنىشتىن قۇتۇلۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئېنىقكى بۇ ئەھۋال ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ. دۇنيادىكى ئادالەتپەرۋەر كىشىلەر ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھىلە- نەيرەڭلىرىنى پات ئارىدا چۈشىنىپ يېتىدۇ .

## ھېكمەت دۇردانىلىرى

تۈرك خاقانى ئۆتۈكەن تاغدا ئولتۇرۇۋەرسە، ئەلدە مۇڭ-قايغۇ بولمايدۇ.ئالدى تەرەپ(شەرق)تىن سەندۇڭ تۈزلەڭلىكىگىچە قوشۇن تارتتىم. دېڭىز( ساھىلى) غا يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم، ئوڭ (جەنۇپ) تىن توققۇز ئەرسەنگىچە قوشۇن تارتتىم، تىبەتكە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم. ئارقا تەرەپ (غەرب) تىن يېنچۇ دەرياسىنى كېچىپ ئۆتۈپ، تۆمۈر قاپىقىغىچە قوشۇن تارتتىم. سول (شىمال) دىن بايىرقۇ زېمىنىگىچە قوشۇن تارتتىم. مەن شۇنچىلا كۆپ جايلارغا قوشۇن تارتىپ باردىم،(لېكىن) ئۆتۈكەن تېغىدىن ياخشى جاي يوق ئىكەن. ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان جاي ئۆتۈكەن تېغى ئىكەن. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، تابغاچ خەلقى بىلەن ياراشتىم. (ئۇلار) ئالتۇن-كۈمۈش، ھاراق- شاراپ، يىپەك(ماللار) نى غەم قىلمايلا بېرىدۇ؛ تابغاچ خەلقىنىڭ گېپى چۈچۈك، سوغىلىرى ئېسىل ئىكەن، تاتلىق سۆزى، ئېسىل سوغىلىرى ئارقىلىق يىراقتىكى خەلقلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدىكەن. (ئۇلارغا) يېقىنلاش- قاندىن كېيىن (ئۆزلىرىنىڭ) يامان ھىيلىلىرىنى چىقىرىدىكەن، ياخشى ئەقىللىق كىشىلەرنى، ناھايىتى باتۇر كىشىلەرنى ئىلگىرى كەلتۈرمەيدىكەن، بىر كىشى خاتالاشسا (ئۇنىڭ) ئۇرۇقى، قەۋمى ۋە بۇشۇكتىكىگىچە رۇناق تاپقۇزمايدىكەن. (ئۇلارنىڭ) چۈچۈك سۆزىگە، ئېسىل سوغىلىرىغا ئىشىنىپ، نۇرغۇن تۈرك خەلقى ئۆلدۈڭلار. تۈرك خەلقى ھالاك بولغاندىن كېيىن (قالغانلىرى) جەنۇپتىكى چوغاي تېغىغا تۇپلىنىپ يايلاقتا ئولتۇراقلىشايلى دېسەڭ، يامان نىيەتلىك كىشىلەر تۈرك خەلقىنى شۇ يەردە ئۆلسۇن دەپ : (ئەگەر تابغاچقا) يىراق بولساڭلار ناچار سوغا بېرىدۇ، يېقىن بولساڭلار، ياخشى سوغا بېرىدۇ،دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپتۇ؛ بۇ ھىيلىنى بىلمىگەن كىشىلەر ئۇ سۆزگە ئىشىنىپ ، تابغاچقا يېقىن بېرىپ (نەتىجىدە) نۇرغۇن كىشى ئۆلدۈڭلار. ئۇ يەرگە بارساڭلار تۈرك خەلقى ئۆلۈشلەر،ئۆتۈكەن زېمىنىدا ئولتۇرۇپ (ئۇلارغا) كارۋان ۋە ئەلچىلەرنى ئەۋەتسەڭلار (ئەلدە) ھېچقانداق غەم - قايغۇ بولمايدۇ. ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرۇۋەرسەڭلار ئەلنى مەڭگۈ تۇتۇپ تۇرالايسىلەر..... مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمدە يالغانچىلىق بارمۇ؟ تۈرك بەگلىرى ۋە تۈرك خەلقى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاڭلار! مەن بۇ يەرگە تۈرك خەلقىنى يىغىپ ،ئەل تۈزۈتقىنىڭلارنى ئويدۇردۇم.

«قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتاپتىن ئېلىندى

# بالدۇرقى ۋاقىتتىكى ماۋزېدۇڭ بىرلىككە كېلىشكە قارشى تۇرۇپ جۇڭگونىڭ ئۆلكىلەر بويىچە پارچىلىنىشىنى تەشەببۇس قىلغان



جاڭ ۋېيگو

1920-يىلى ماۋزېدۇڭ چاڭشادا خۇنەننى ئايرىپ ئىدارە قىلىش ھەركىتىنى باشلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە «جۇڭگو-نىڭ ھازىرقى ئەھۋالى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ھەركەت ئېلىپ بېرىشقا ماس كەلمەيدۇ. ھازىر دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ئالدى بىلەن ھەممە ئۆلكىلەرنى بىر بىرى بىلەن ئاي-رىۋېتىپ، ھەممىسىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.»

ماۋزېدۇڭ شۇ يىلى 9-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 7-كۈنىگىچە بولغان بىر ئايدىن سەل كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە خۇنەندە چىقىدىغان«داگۇڭباۋ»گېزىتىدە ئۇن نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇ بۇ ماقالىلىرىدە ئاساسەن خۇنەن خەلقىنىڭ ھەققى تۇردىكى ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇشىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش-خۇنەننىڭ ھازىرقى ئاساسلىق مەسىلىسى، دىگەندەك مەزمۇنلارنى سۆزلىگەن. كىيىن ئۇ بۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ «ئەينى چاغدىكى "يېڭى خەلق جەمئىيتى" نىڭ پىروگراممىسىدىمۇ خۇنەننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى. مۇستەقىل بولۇش دىگەنلىك ئەمەلىيەتتە ئۆز- ئۆزىگە ھەققى خوجا بولۇشنى كۆرسىتەتتى. بىز شىمالى ئارمىيە ھۆكۈمىتىدىن بىزار بولۇپ كەتكەچكە، خۇنەننى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدىن ئايرىپ چىقساق خۇنەننىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تىزلەتكىلى بولاتتى. شۇڭا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ "خۇنەن جۇمھۇرىيىتى" قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدۇق»، دەيدۇ.

ماۋزېدۇڭ ئەينى چاغدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسى ئەھۋالى ھەققىدە ماقالە يېزىپ «پۈتۈن دائىرىدە بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تاماملاشتىن ئۈمىد يوق، ئەڭ ياخشىسى بارلىق ئۆلكىلەرنى ئۆز ئالدىغا ئايرىپ چىقىرىۋېتىپ، ھازىر بار بولغان27ئۆلكە،27 دۆلەت بولۇشى كېرەك». دىگەندەك كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن.

ئەينى چاغدا ئۇ يەنە شاڭخەيدە چىقىدىغان «ۋەقەلەر يېڭىلىقى »دىگەن گېزىتنىڭ «ئىلىم چىرىقى » دىگەن قوشۇمچە بېتىدە «بىرلىشىشكە قارشى تۇرۇش» دىگەن تېمىدا بىر ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇ ماقالىسىنىڭ كىرىش سۆزىدە «جۇڭگونىڭ ئىشى بىرلىشىش بىلەن ھەل بولىدىغان ئىش ئەمەس، جۇڭگو تارىخىدا قۇرۇلغان 24سۇلالە قۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان 24 بىناغا ئوخشايدۇ، ئاخىرىدا ئەممىسى بەربات بولدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئاساسى يوق ئىدى.4 مىڭ يىللىق جۇڭگو قۇرۇق بىر جازا، ئۇلار زادى نىمىش قىلدى؟ ...... ھازىرقى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن- بىر يولى جۇڭ-گونى پارچىلىۋېتىش، بىرلىككەكېلىشكە قارشى تۇرۇش. مەن بىرلىككە كېلىشنىڭ ئەشەددى قارشى تۇرغۇچىسى، مېنىڭ قارىشىمچە بىرلىككە كېلىش ئەڭ چوڭ خەتەرلىك ئەھۋال. ...ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلى-شى ھەققى جۇڭگو قۇرۇشنىڭ بىردىن بىر يولى، بۇنى نۇرغۇن كىشىلەر ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتتى. بۇ قېتىمقى جەنۇپ-شىمال ئۇرۇشى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، ئەگەر پۈتۈن مەملىكەت بىرلىككە كەلسە ھەرقايسى ئۆلكىلەر بىرلىككە كېلىشنىڭ چەكلىمىلىكىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى جۇڭگولۇق-لاردا ئەزەلدىن يۇقۇرىغا قاراپ، تۆۋەنگە قارىمايدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەھۋالى چىڭ سۇلالى-سىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە ئوخشايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى ياخشىلاش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇنى ياخشىلايمەن دىسەڭ تېخىمۇ بۇزۇلۇپ كىتىشى ئېنىق.

ماۋزېدۇڭ خۇنەننىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھەركىتى ھەققىدە 21 پارچە ماقالە ۋە خەت يازغان. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى بۈگۈنكى دېموكراتچىلارمۇ دىيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، ھەتتا ئويلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنى ئوچۇق ئاشكارە سۆزلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بۈگۈن تەيۋەننىڭ ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتى، شىزاڭ، شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل مەسىلىسى قاش بىلەن كىرپىك ئارلىقىدا تۇرغان ئىش بولسىمۇ لىكىن دېموكراتىك ھەركەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئايرىم قاراشلىرى بار دىگەن تەقدىردىمۇ سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە ياش ۋاقتىدىكى ماۋزېدۇڭدىن كۆپ پەرىقلىنىدۇ.

قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغۇچى :نۇرى ئابدۇسالام

# ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىدىكى «ئۇيغۇر»لۇق ۋە «مۇسۇلمان»دارچىلىق

ئارمان نۇر



«ئۇيغۇر»-ئىجتىمائى ۋە تارىخى ئۇقۇم بولۇپ، مەلۇم تېررىتورىيە، ئايرىم تىل، ئۆزگىچە مەدەنىيەت، ئەنئەنە ۋە خاسلىقتا ئىگە بولغان بىر مىللەتنىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ. غەربتىكى بەزى ئالىملار ئۇيغۇرنى 17مىڭ يىل ئىلگىرى تىنچ ئوكياندا غايىپ بولغان، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەجدادى دەپ قارالغان«مۇ»دۆلىتىگە باغلايدۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن «ئۇيغۇر» دېگەن نام خۇددى ئۇيغۇر مىللىتىگە ئوخشاشلا نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە خاس نامدۇر. ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى ياكى تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ. مۇشۇ مىللەتكە تەۋە بولغان ھەرقانداق ئادەم ئۇيغۇر دېگەن مۇشۇ پەخىرلىك نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

«مۇسۇلمان»- دىنى ئۇقۇم بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ ئاخىردا بارلىققا كەلگەن، پۈتۈن دۇنياغا كەڭ تارقالغان ئىسلام دىنى جامائىتىنىڭ ئومۇمى نامىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنى مۇھەممەد ئەلەيكىسالامنىڭ مىلا - دىيە 610-يىلى تۇنجى ۋەھىنى قوبۇل قىلغىنىدىن باشلىغاندا جەمئىي 1393يىل بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى مىلادىيە 936يىلى تۇنجى مۇسۇلمان بولغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن (مۇسۇلمانچە ئىسمى ئابدۇلكېرىم) باشلاپ ھېساپلىغاندا 1067يىل بولدى.

دېمەك «ئۇيغۇر»ۋە «مۇسۇلمان» دېگەن بۇ ئىككى ئۇقۇم تارىخى يىلتىز جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئۇقۇم دائىرىسى جەھەتتىن بولسۇن ئوخشاش مەنىدىكى ئۇقۇم بولالمايدۇ ياكى بىر- بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. تارىخى يىلتىز جەھەتتىن ئېيتقاندا «ئۇيغۇر»دېگەن خاس نام ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى. مەزمۇن دائىرىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا «ئۇيغۇر»دېگەن نام پەقەت ئۇيغۇر مىللىتىگىلا خاس نام بولۇپ، باشقا مىللەتلەرنى ياكى باشقا شەيئىلەرنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەمما «مۇسۇلمان» دېگەن ئۇقۇم «ئۇيغۇر» دېگەن ئۇقۇمغا قارىغاندا مەزمۇن دائىرىسى كەڭرى بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھەرقانداق بىر مىللەت ئەزاسىنى مۇسۇلمان دېگەن نام بىلەن ئاتاشقا بولىدۇ. بىراق ئۇيغۇر مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرنى ئەرەپ ياكى ئەرەپنى ئۇيغۇر دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇر دېگەن ئۇيغۇر، ئەرەپ دېگەن ئەرەپ، مۇسۇلمان دېگەن مۇسۇلمان، بۇلار ھەرگىز بىر- بىرىگە تەڭ ئۇقۇم ئەمەس. دۇنيادا تېخى ھېچقايسى بىر مىللەت مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن مىللەت نامىدىن ۋاز كەچكەن ئەمەس. دىنىڭ نىمە دېسە ئىسلام، مىللىتىنىڭ نىمە دېسە ئۆزى تەۋە بولغان مىللەت نامىنى پەخىرلىك ھېسسىيات بىلەن ئېيتىپ ياشاۋاتىدۇ. پەقەت ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدىلا بۇخىل دىنى ئەخلاقىمۇ ماس كەلمەيدىغان ناچار خائىنلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ھازىرقى قازاقىستان تەۋەسىدىكى غالجاتلىق ئۇيغۇر تارىخشۇناس نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت ئۇيغۇر بالىسى ئۆزىنىڭ «شەرقى تۈركىستانغا سەپەر»دېگەن زىيارەت خاتىرىسىدە، 1918-يىلى ۋەتىنى ئايلىنىپ ئاقسۇغا بارغاندا كۆرگەنلىرىنى يېزىپ كىلىپ«مەن ئاقسۇداكوچىدا ئۇچرىغان بىرقانچە

ئۇيغۇرلاردىن مىللىتىڭىز نىمە دەپ سورۇدۇم، ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابى ئوخشاشلا ئەلھەمدۇللا مۇسۇلمان دىگەندىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار نادانلىقتا شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ مىللىتىنىڭ نامىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان. بۇ ئەھۋال شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش ئىكەن»، دەپ ئۆزىنىڭ قاتتىق ئۆكۈنىشىنى ئىپادىلىگەن. گەرچە بۇ بۈرۈنقى ئەھۋال بولسىمۇ ھازىرمۇ بۇ خىل ئەھۋال يوق ئەمەس. ئىسلام دىنى ئەرەپ دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئەرەپلەرنى ئىسلامنىڭ ئۈلگىسى ۋە مىزانى سۈپىتىدە ئۇلار قىلغاننى قىلىدىغان، ئۇلار كىيگەننى كىيىدىغان، ئۇلار يىگەننى يەيدىغان كوڧرانە گۇمراھلىققا يول قويۇلىۋاتىدۇ. نىمە ئۈچۈن بىز ھەركەتلىرىمىزگە ئاللاھنىڭ كالامى بولغان «قۇرئان»نى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆلچەم قىلمايمىز؟ نىمە ئۈچۈن ئەرەپلەردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇكەممەل ئەنئەنىمىز،گۈزەل ئەخلاقى مىزانىمىزنى ئۈلگە قىلمايمىز؟ ئەرەپلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى خالاس، ھەرگىز يول باشلىغۇچىسى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ، پۈتۈن كائىناتنىڭ،18 مىڭ ئالەمنىڭ ئاللاھى ۋە قادىر ئىگىسى، يالغۇز ئەرەپلەرنىڭلا ئاللاھى ئەمەس، مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز پەقەت ئەرەپلەرنىڭلا پەيغەمبىرى ئەمەس، پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ پەيغەمبىرى. پەقەت ئەينى چاغدا ئەرەپلەر ئەڭ قەبىھ، ئەڭ جاھىل، ئەڭ قالاق مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ مىللەتنى بىۋاستە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاللاھتائالا پەيغەمبەرنى ئەرەپلەردىن تاللاپ قۇرئاننى ۋەھى ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيكسالامغا نازىل قىلىپ بەرگەن. مۇھەممەد ئەلەيكسالام ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندىن كىيىن ئەرەپ دۇنياسىدا يۈز بەرگەن ئىسلام ئەقىدىسىگە يات بولغان كۆڭۈلسىز ئىشلار ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ھازىرغىچە غەش قىلىدۇ. ئۇلاردىكى بۇخىل جاھىل، قالاق، رەھىمسىز، تەپرىقىچى مىجەزى تېخى بۇگۈنگىچە ئۆزگەرمىگەن بولۇپ، نېفىت ئارقىلىق ئېرىشكەن ماددى مەدەنىيىتى ئالدىدا ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس بولغان مەنىۋىيىتى، زامانىنىڭ تەلىپىگە يات ھالدا ئىسلامنىڭ مۇقەددەس بۈيۈك سىماسىنى خىرەلەشتۈرمەكتە. شۇنى كەسكىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ئۇيغۇرنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىمانى ھەرقانداق بىر ئەرەپتىن مۇكەممەل ۋە ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كىيىن ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان گۈزەل ئەخلاقى پەزىلىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ئۇيغۇرچە ئىسلام ئەقىدىسىنى بەرپا قىلىپ چىقتى. بىراق تارىختا ساختا دىنى تونغا ئورۇنىۋالغان ئاپئاق غوجىدەك دىنسىز مۇناپىق، ئاسى، مەلئۇنلار

ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرىگە، ئېتىقات ئىمانىغا مىسلىسىز يوقۇتۇشلارنى ئېلىپ كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرلار مىللەتنىڭ ھۆرلىكىنى، پاك ئىمانىنى قوغداش ئۈچۈن تىللاردا داستان بولغۇدەك سان-ساناقسىز كۆرەش ۋە جىھادلارنى ئېلىپ باردى ۋە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، سادىر پالۋان، نوزۇگۇم- دەك ئاجايىپ باتۇر ئوغۇل- قىزلىرىمىزنى تارىخ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى. بىراق بىز ئۇلارنى قانچىلىك بىلىمىز؟ ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قانچىلىك قىلالىدۇق؟ جىھاد دىمەك كۆرەش دىمەكتۇر. ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ كۆرەشلىرىنىڭ قايىسى مىللەت ئۈچۈن، ئىسلام ئۈچۈن ئەمەس؟سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئالساق، ئۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغۇچى تۇنجى شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىراقلا ئىسلامغا كىرىشىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسى ئىسلامنىڭ كېڭىيىشىدىكى ھەرقانداق بىر ئەرەپ خەلەپىسىدىن بۈيۈك ۋە شۆھرەتلىكتۇر. بىراق، بىز ئەرەپ خەلىپىلىرىنى ۋە تارىخى شەخسلىرىنى يادقا بىلىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ناملىرىنى سۆيۈنۈش بىلەن تىلغا ئالىمىز. ئەمما سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىچۇ؟ ئۇنى قانچىلىكىمىز بىلىمىز، قانچىلىكىمىز ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ باقتۇق. ئۇ پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام تارىخىدا ئەرەپلەر قاتارى ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ كەلمەسمۇ؟سادىر پالۋان، نوزۇگۇملارنىڭ قايسى بىرى مىللەت ئۈچۈن، ئىسلام ئۈچۈن كۆرەش قىلمىغان دىيەلەيمىز؟ ئەگەر نوزۇگۇم پاك ئىمانىنى، غورورىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قەھرىمانلىق بىلەن كۆرەش قىلمىغان ۋە ھاياتىنى قۇربان قىلمىغان بولسا بۈگۈنگىچە نامى قالمىغان بولاتتى. ئەكسىچە ئۇ پاك ئىماندىن ۋاز كىچىپ مانجۇ ئىستىبداتىتىغا ئۆزىنى ئاتىغان بولسا ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىمۇ بولمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر يېرى دەل پاك ئىمانىنى ھاياتى بەدىلىگە قوغداپ قالالىغانلىقىدا. ئىمان دىمەك دىن دىمەكتۇر. ئۇنداقتا نوزۇگۇم ئىسلام تارىخىدىكى بۈيۈك شەخس بولۇشقا، شۇنداقلا بىز داۋاملىق تەكرارلايدىغان ئىسلام تارىخىدىكى «قۇرەيش قىزى»دەك ئەرەپ ئاياللىرىدىن نەچچە ھەسسە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا مۇناسىپ. بۇنداق مىساللار بىزنىڭ تارىخىمىزدا تولۇپ يېتىپتۇ. ئىسلامنىڭ بۈيۈك شەخسلىرى ئۆزىمىزدە تۇرۇپ نىمىشقا ئۇنى كۆتىرىپ چىقمايمىز، نىمىشقا ئۇنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلمايمىز؟ پەقەت ئۇلار ئۇيغۇر بولغانلىقى، ئۆزىمىزنىڭ مىللىتى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ئەرەپلەر ئۆزىنىڭ ئەرەپلىكىدىن ۋاز كەچمەي پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى، تۇرمۇش ئادىتىنى، مەشھۇر شەخسلىرىنى تېڭىۋاتقان يەردە بىزمۇ ئىسلامنىڭ

مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى تۇرۇغلۇق، نىمشقا ئۆزىمىزنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى، مەشھۇر شەخسلىرىمىزنى تونۇتمايمىز؟

ئۇيغۇرلار ھازىر ئىقتىسادى ئەھۋالى ناچار، دىنى ئېتىقادى قاتتىق چەكلەنگەن ئەھۋالدىمۇ بەش ۋاق نامازنى كامىل ئوتەپ، روزىنى تولۇق تۇتۇپ، ئاللاھنىڭ پەرىزلىرىنى مۇكەممەل ئادا قىلىپ كىلىۋاتىدۇ. ھەتتا ھەجگە بېرىش شۇنچىلىك قىيىن بولسىمۇ، ھەرخىل ئامالىلارنى قىلىپ ھەج قىلىپ كىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئەرەپلەر بىزنىڭ كۆنىمىزگە قالسا ئىسلام دىننىغا ئېتىقات قىلدىغان بىرمۇ ئەرەپ قالماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر ئەرەپلەر كامىل مۇسۇلمان بولسا، ئىسلام دۇنياسىغا ئۈلگە بولۇشقا مۇناسىپ دىيىلسە ئىسلامنىڭ دۇنيادىكى ئوبرازىغا داغ تەككۈزمىگەن، ئازاپتا ياشاۋاتقان پەلەستىننى قۇتقۇزىۋالغان، خەلقارا مۇنبەرلەردە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تۈت ئېغىز بىرنەرسە دىگەن بولاتتى. بىراق ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ھېچ بولمىغاندا نامرات دۆلەتلەردىن ھەجگە بارغانلارنى ھەقسىز ئورۇنلاشتۇرغان. چېگرىدىن كىرگەندە ئادەم بېشىغا ئالىدىغان پۇلنى ئالمىغان بولسا بوللاتتى. بىراق ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزى دەپ ئاتالغان سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج پائالىيىتىنى دۆلەتنىڭ نىفتتىن قالسلا ئىككىنچى چوڭ كىرىم مەنبەسى قىلىۋالغان. ماتىرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە ھەج مەزگىلىدە ياتاق، تاماق ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ باھاسى ئادەتتىكى ۋاقىتلارغا قارىغاندا نەچچە ئون ھەسسە ئۆستۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ ۋە پۇخرالارنىڭ پۇل تېپىشىغا كەڭ يول ئاچىدىكەن. ئۇلار بۇ ئارقىلىق تاپقان پۇللىرىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ئەيشى- ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا خەجلەيدىكەن. ئۇلار باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ خورلىنىشى، ئاچ- يالىڭاچ قېلىشىنى ھەتتا ھاياتى ئۆلۈم خەۋپىگە كىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ياردەم قولىنى سۇنۇشنى خالىمايدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ئۇلار ئۇيغۇرلاردەك كامىل مۇسۇلمان ئەمەس. ئۇلاردىكى مىللەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك ئۇلاردىكى ئىسلام ئېقىدىسىدىن ئېشىپ كەتكەن. بولمىسا خىتاينىڭ دىنى بېسىمدا ئۆلىۋاتقان دىنى قېرىنداشىغا ئازراق بولسىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن، ھېچ بولمىغاندا ھاياتى خەۋپتە قالغان بىرەر ئۇيغۇرغا دۆلىتىدىن پانالىق بەرگەن بولاتتى. بىراق ئۇلار بۇنداق قىلمايدۇ. چۈنكى بىز ئۇيغۇر، ئۇلار ئەرەپ. شۇنداق تۇرۇغلۇق بىز يەنە نىمشقا ئەرەپلەرنى ئىسلامنىڭ مەركىزى قىلىۋالىمىز، نىمشقا ئۇلارنى ئىسلامنىڭ ئۈلگىسى قىلىۋالىمىز؟ بىز ئۆزىمىزنىڭ كامىل ئېتىقادىمىز، مەشھۇر شەخسلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ ئىسلام دۇنياسىدا ئۆزىمىزنى ئۈلگە قىلىپ تىكلىيەلەيمىز. شۇڭا نام جەمەتتە «ئۇيغۇر» دىگەن مىللەت نامىدىن ۋاز كىچىپ «مۇسۇلمان» دىگەن ئاتالغۇنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

## جاڭ زىمىن سىيگەن جاي

2001 يىلى8-ئايدا خوتەنگە بېرىشىمدا بۇگۇر ناھيە- سىگە چۈشۈپ ئۆتتۇم. بۇگۇردە نۇرغۇن ساياھەت نوقتىلىرى بولۇپ، ساياھەت شىركىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىر قىسىم جايلارنى زىيارەت قىلدىم. بۇگۇردىن- نىيە ناھيىسىگە بارىدىغان، تەكلىماكان قۇملىقىنى كىسىپ ئۆتىدىغان يول بىلەن «ئالۋاستى شەھرى» دەپ ئاتالغان ساياھەت نوقتىسىغا بېرىشىمدا، يول ياقىسىدىكى قىزىل دوخاۋا بىلەن چىرايلىق قاپلانغان ئالتۇنرەڭ زەنجىر بىلەن قورشاپ قويۇلغان يوغان بىر توغراقنىڭ ئالدىدا توختىدۇق. مەن ھەيران بولۇپ، يولباشلىغۇچىدىن بۇ توغراقنىڭ قانداق خاسىيىتى بارلىقىنى سورۇدۇم. يولباشلىغۇچى مەقسىدىمنى چۈشۈنۈپ،«بۇ دەرەخنىڭ باشقا خاسىيىتى يوق، باش شۇجى جاڭ زىمىن شىنجاڭغا كەلگەندە رەسىمگە چۈشكەن توغراق، شۇڭا بۇيەر ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىپ نوقتىلىق ساياھەتگاھ قىلىندى»، دىدى ئۇ كۈلۈپ. مەن چاقچاق قىلىپ، «جاڭ زىمىنغا رەسىمگە چۈشىدىغان بۇنىڭدىن چىرايلىق توغراق تېپىلماپتۇ-دە» دىدىم.يول باشلىغۇچى سەل تارتىنىپ تۇرۇپ،« باشلىغىمىزنىڭ دىيىشىچە، بۇ توغراق جاڭ زىمىن رەسىمگە چۈشكەن ئەمەسكەن، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تەرىتى قىستاپ كىتىپ بۇ توغراقنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ سىيگەن ئىكەن.بۇنى ناھيىنىڭ شۇجىسى ئاڭلاپ، بۇ يەرنى ساياھەت نوقتىسى قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. تەشۋىقاتتا بۇنى سىيگەن يەر دىسەك سەت تۇرۇدۇ دەپ، رەسىمگە چۈشكەن يەر دەۋاتىمىز، بىراق بۇنى ئېچكىمگە دەپ سالماڭ بولمىسا ماڭا چاتاق بولۇدۇ»،دىدى.

مەن شۇچاغدىلا بۇ ئىشقا شۇنچىلىك غەزىپىم كەلگەن ئىدى .لىكىن ئىچىمدىن چىقىرالمىغان ئىدىم . بۇ ئېنىقكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇرلارنىڭ غورورىنى ،ئۇيغۇر دىيارىنى دەپسەندە قىلغانلىق ۋە كۆزگە ئىلمىغانلىق. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىشى شۇدەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، مۇستەبىت دۆلەت باشلىقىنىڭ تەرەت قىلغان يېرىمۇ ئۇيغۇر دىيارىدا ساياھەت نوقتىسى قىلىپ تىكلىنگەن. بۇنداق كەمسىتىش ۋە خورلىنىشنى خىتاينىڭ ۋە دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. ئەي! بىچارە ئۇيغۇرلار قەددىمىزنى كۆتىرەيلى ، مىللەتنىڭ نومۇسىنى ئاقلايلى!




# خىتاي ئارمىيىسى راستىنلا قۇدرەتلىكمۇ ؟

2 - قېتىملىق ئىراق ئۇرۇشى مەزگىلىدە خىتاي مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ1- يۇرۇش قانىلىنىڭ ئىراق ئۇرۇشىنى نەق مەيداندىن كۆرسىتىش مۇلاھىزە پىرگراممىسىدا، ھەربىي مۇتەخەسسىس دەپ ئاتالغان مۇلاھىزىچىلەر «بۇ قېتىمقى ئۇرۇش جوڭگو ئارمىيىسىنىڭ تېخنىكا ۋە تاكتىكا جەھەتتە زور ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۇ قېتىمقى يېڭىچە ئۇرۇش تاكتىكىسى جوڭگو ھەربىي مۇتەخەسسىلىرىنىڭ 10يىلدىن ئارتۇق تەتقىق قىلىدىغان ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتتى» دېيىشكەن بولسا، ئۇزاق ئۆتمەي خىتاي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جاڭ زېمىننىڭ ھەربىي باشلىقلار يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە«بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئارمىيىمىزنىڭ ئىقتىساسلىق ۋە ساپالىق ھەربىيلەرگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۇنىڭدىن كېيىن بىز ئىقتىساسلىق، ساپالىق ھەربىيلەرنى تەربىيلەشكە زور كۈچ سەرىپ قىلىشىمىز كېرەك » دېگەن ئىدى.

دېمەك، جاڭزېمىننىڭ ۋە ھەربىي مۇتەخەسسىلەرنىڭ مۇلاھىزىلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولۇدىكى ئۆزىنى قۇدرەتلىك دەپ ھېساپلاۋاتقان خىتاي ئارمىيىسى تېخنىكا ۋە تاكتىكا جەھەتتە دۇنيا سەۋىيەسىدىن خېلىلا تۆۋەن ۋە ناچار بولۇپ، ئۈزۈكتىپ جەھەتتە ھېچقانداق ئىلغار قۇرال-ياراقلارغا ئىگە ئەمەس. بولۇپمۇ دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيەلىرى يوق دېيەرلىك.گەرچە خىتاي ئارمىيىسى روسىيەدىن ئىلغار تېپتىكى كۈرەشچى ئايروپىلاندىن 60 نى سېتىۋالغان بولسىمۇ، خۇددى جاڭ زېمىن ئېيتقاندەك ساپالىق، ئىقتىساسلىق ھەربىيلەرنىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئىلغار تېخنىكىنى بىر دۆۋە تۆمۈر- تەسەككە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ئىراق ئۇرۇشى پەن-تېخنىكا دەۋرى بولغان21-ئەسىردە ئۇرۇشنىڭ غەلبىسى، ماۋزېدوڭ نەزىريىسىدە مۇئەييەنلەشتۈر-گەندەك ئادەم ئامىلىغا باغلىق بولماستىن بەلكى، يۇقۇرى تېخنىكا ۋە ساپاغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بۇنى ھېس قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە 500مىڭ كىشىلىك ئارمىيىنى قىسقارتىپ يۇقۇرى ساپالىق ئارمىيە قۇرماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئاللىقاچان روھى جەھەتتە جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقان زەئىپ، بوشاڭ ئارمىيەنى بىرقېلىپقا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ئۈبىكتىپ ۋە سۇبىكتىپ جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئاجىزلىق-لارغا پېتىپ قالغان .

1- ھازىرقى خىتاي ئارمىيىسى ماۋزېدوڭ دەۋرىدىكىدەك ئۇرۇش جەريانىدا پىشىپ يېتىلگەن، تەجرىبىسى مول قوماندانلارغا ئىگە ئەمەس. ھازىرقى قوماندانلار ئۇرۇش سەنئىتىگە ۋە بىلىمگە ئىگە قوماندانلار بولماستىن بەلكى،

سىياسى جەمئىيەتتە كومىنىستىك پارتىيەگە ياققان جانباقار سىياسى خوشامەتچىلەردۇر.

2- ھازىرقى خىتاي ئارمىيىسىدە بۇرۇنقى قىزىل ئارمىيەدەك كوممۇنىزىمغا ۋە سوتسىيالىزىمغا بولغان ئېتىقات كامچىل. ئۇلارنىڭ ئامېرىكا ئارمىيىسىدەك يا «ئەركىنلىكى»، يا «دېموكراتىيە» سى، يا «پۇلى»، يا «كىشىلىك ھوقۇقى» يوق. ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە ئارمىيە. بۇنداق ئارمىيەدە قانداقمۇ ئۇرۇش قىلىش جەڭگىۋارلىقى بولسۇن. ئارمىيە ئىچىدە قوماندان بىلەن ئەسكەرنىڭ مۇناۋىستى، قۇلدار بىلەن قۇللارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ.

3- خىتاينىڭ ھازىرقى ماددى مەئىشەتتىن ھوزۇر ئېلىشنى بىلىدىغان يېڭى بىر ئەۋلات «يالغۇز پەرزەنت»لەردىن تۈزۈلگەن بوشاڭ ، مۇتەھەم ئارمىيىدە ئۆتمىشتىكى قەھرىمانلىرىدەك روھنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

4-ھازىرقى خىتاي ئارمىيىسىنىڭ تەمىناتى تۆۋەن، ئىقتىساس ئېگىلىرىنى بايقىشى يېتەرسىز. ئارمىيە ئىچىدە ئۆمۈچۈك تورىدەك مۇناسىۋەت تورى ئىقتىدارلىق ھەربىيلەرنىڭ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىشىنى چەتكە قاقىدۇ. خىتاي ئارمىيىسى ھەققى تۈردە يارىماس، جان باقىدىغانلارنىڭ قورغانىغا ئايلانغان. بۇنداق ئارمىيەنى قانداقمۇ جەڭگىۋار قوشۇن دىگىلى بولسۇن ؟

5- خىتاي ئارمىيىسىنىڭ 50يىلدىن بۇيان يۇقۇرى تېخنىكىلىق ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسى يوق ھەم ئۇرۇش تەييارلىقىمۇ يوق. ئۇلار پەقەت كىتابى بىلىملەر ئارقىلىقلا ئۇرۇشنى چۈشىنىدۇ، تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۇرۇش قانۇنىيتى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. پەقەت ئازساندىكى ھەربى مانۋىر ئارقىلىقلا جەڭ نەتىجىلىرىنى يارىتىپ، ساختا شان-شەرەپتىن ماختىنىپ يۈرىشىدۇ. ئۇلار ئاخبارات ۋەكىتاپ يۈزىدە قۇدرەتلىك زامانىۋى ئارمىيە، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇرۇنقىلىرىغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان، قورال-ياراغلىرى ئامباردا داد باسقان قالاق ئارمىيە.

6- بۇرۇن خىتاي ئارمىيىسىدە«بىز باشقىلارغا چېقىلمايمىز، باشقىلار بىزگە چېقىلسا بىز ئۇلارغا چېقىلىمىز» دەيدىغان روھ، نىزام بار ئىدى. بىراق ھازىرقى خىتاي ئارمىيە-سىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا پۇرسەتپەرەز، جان باقارلار كۆپ بولۇپ، ئۇلار«چوڭ ئىشنى كىچىكلىتىۋىتىدىغان، كىچىك ئىشنى يوق قىلىۋىتىدىغان ئاجايىپ سىياسى تالانتقا ئىگە». بۇنداق قوماندانلار قانداقمۇ ئارمىيەگە باشچىلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلالىسۇن ؟

7- ھازىر خىتاي ئارمىيەسىنى چىرىكلىك قاپلاپ كەتتى. ئارمىيە ئىچىدىكى چىرىكلىك ھۆكۈمەت ئىچىدىكى چىرىكلىكتىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق. خىتاي ئارمىيەسىدە قوماندانلاردىن تارتىپ تاكى ئادەتتىكى ئەسكەرلەرگىچە چىرىكلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان. خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئارمىيەدە ئۈگۈتىدىغىنى خوشامەتچىلىك، كۆز بويامچىلىق ،ئوغۇرلۇق ۋە زوراۋانلىق. بۇنداق ساپاسىز ئارمىيەنى قانداقمۇ ھەققى ئارمىيە دىگىلى بولسۇ ؟

شۇڭا خىتاي ئارمىيىسى ھەرگىز قۇدرەتلىك ئەمەس. ئۇپەقەت يولۋاس تېرىسىغا يۆگىنىۋالغان مۈشۈكتىن ئىبارەت.

تەييارلىغۇچى: يولۋاس بارات

# قىزلارنىڭ باھادىرى- نۇزۇگۇم

نۇزۇگۇم 1808- يىلى قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ئۆسكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى، خەلقىنىڭ ماھىر قوشاقچىسى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى چولپانگۈل بولۇپ، تۇغۇلۇشىدىن بۇغداي ئۆڭ، قارا كۆز، قارا قاشلىق، نازۇك بەدەن بولغاچقا، قەشقەر خەلقى ئۇنىڭغا بولغان مېھرىنى ئىپادىلەپ ئۇنى نۇزۇگۇم دەپ ئاتاشقان. ئۇ مەكتەپ يۈزى كۆرگەن بىلىملىك قىز ئىدى.

نۇزۇگۇم 1826- يىلى قەشقەردە مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى قوزغالغان جاھانگىر خوجا باشچىلىقىدىكى خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغۇدەك قەھرىمانلىقىنى نامايەن قىلغان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئىلىدا مۇڭغۇل ئەمەلدارى ئۇنى مەجبۇرلاپ خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغاندا، نۇزۇگۇم توي كېچىسى ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ، قېچىپ كەتكەن. قۇمۇشلۇقتا 6 ئاي يۇشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا ئامالسىزلىقتىن چېرىكلەرنىڭ قۇلىغا چۈشۈپ قالغان. 3 ئاي زىندانغا سولانغاندىن كېيىن، قېلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

نۇزۇگۇم ئۆزىنىڭ ئازاپ- ئوقۇبەتلىرى، قايغۇسى، مۇھەببەت- نەپرىتى ۋە ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلەپ نۇرغۇن قوشاقلارنى توقىغان . ئۇنىڭ قوشاقلىرى تاكى بۈگۈنگىچە خەلق قەلبىدىن يۇكسەك ئورۇن ئالماقتا.

( ئۇ ئەينى چاغدا مۆككەن ئۆڭكۈر ھازىر قازاقىستان ئۇيغۇر ناھىيەسىدە بولۇپ، ئالاھىدە خاتىرە تاش ئورنىتىلغان)





# تېرورىزم ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى

بۇرەبەي سىدىق





تېرورىزم ئۇقۇمى 1– سېنتەبىر ۋەقەسىدىن ئىلگىرى خەلقارا ئاساسقا ئىگە بولمىغان ئۇقۇم ئىدى. كىشىلەرمۇ ئانچە كەك چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. بىر قىسىم قارا گورۇھتىكىلەرنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئادەم ئۆلتۈرۈش، ۋەقە سادىر قىلىش قاتارلىق جىنايى قىلمىشلىرىدىن باشقا مۇستەملىكە ۋە مۇستەبىت تۈزۈم ئاستىدا ياشاۋاتقان مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئازاتلىقى، هۆرلىكى، مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان هەر خىل ۋاستىدىكى كۈرەشلىرى خەلقارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ياكى هېسداشلىقىغا ئېرىشەتتى. تېخى تېرورىزمغا قارشى بىرلىك سەپمۇ ھەتتا بىرلىك سەپ شوئارىمۇ يوق ئىدى. بىراق 11– سېنتەبىر ۋەقەسى ھەممىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. دۇنيانىڭ تەرتىپىدە زور ئۆزگۈرۈشلەر بولدى. دۆلەتلەر ئارىسىدىكى نۇرغۇن مۇناسىۋەتلەر سۈنئى ئۇسۇلدا تېرورىزمغا باغلىنىپ، بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىۋاتقان رەقىبلەرنىمۇ مەنپەئەت نوقتىسىدا بىر-بىرىنىڭ شېرىكىگە ئايلاندۇردى. بۇ هال بىر قىسىم مۇستەملىكە ۋە مۇستەبىت هاكىمىيەت ئاستىدا ياشاۋاتقان بىرقىسىم مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىگە ئەكس تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. جۈملىدىن خەلقارا سەھنىلەردە دېرت ئەھۋالنى ئەمدىلا بايان قىلىشقا باشلىغان ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. خىتاي ۋە روسىيەگە ئوخشاش بىر قىسىم دېموكراتىك ئېگى تۆۋەن دۆلەتلەر خەلقارادىكى بۇ ئومۇمى ئېقىمدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ۋە چېچەنلەرنى خەلقارا جەمئىيەتكە مىللەت سۈپىتى بىلەن تېرورىس كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچۇرغۇچىلىرى دەپ زارلىدى. بولۇپمۇ خىتاي هۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ قاتمۇ- قات ئاسارىتىدە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىدىنمۇ قالغان ئۇيغۇرلارنى «جوڭگونىڭ بىن لادىن»ى دېگەن كۆزقاراشنى باشقىلاردا پەيدا قىلىشقا تىرىشتى. ئۇنداقتا تېرورىزم دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى، ئۆلچىمىچۇ؟ هەربىر ئادەم تېرورىزمنى ئويلىغان چاغدا بۇمەسىلىنى ئويلىماي قالمايدۇ. بىراق هازىرغىچە هېچكىم بۇ مەسىلىگە كونكرېت بىر جاۋاپ بېرەلىگىنى يوق. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 11– سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن 2001– يىلى 9– ئاينىڭ 28– كۈنى 1373– نومۇرلۇق قارار ماقۇللاپ تېرورلۇققا قارشى كومىتېت قۇرۇپ چىقتى ۋە 2001–يىلى 11– ئاينىڭ 12–كۈنى «يەر شارى بويىچە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش خىتاپنامىسى» نى ئېلان قىلدى. گەرچە بۇ خىتاپنامىنى تۈزۈشكە قاتناشقان مۇتەخەسسىلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمى ئەزا دۆلەتلەر يىغىنىدا ئۇزۇن تالاش-تارتىش قىلغان بولسىمۇ بۇ مەسىلىدە بىردەكلىك هاسىل قىلالماي ئاخىرى بۇ خىتاپنامىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق، بىر نەرسە ھەممىمىزگە ئايانكى خەلقارا سەھنىلەردە دائىم بىگۇنا پۇخرالارنىڭ هاياتى، مال-مۈلكىنى زىيانغا ئۇچۇراتقان ھەركەتلەرنى تېرورىزم سۈپىتىدە تەكىتلەۋاتىدۇ. يېقىندا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئېلان قىلغان باياناتىدا «بىگۇناھ پۇخرالارنىڭ هاياتى مال- مۈلكىنى زىيانغا ئۇچۇراتقان، تۇتقۇن قىلىش، گۆرەگە ئېلىش ئېلىپ بارغان، دۆلەتنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادى تەرتىبىگە زور بۇزغۇنچىلىق كەلتۈرگەن ھەركەتلەر»نى تېرورلۇق ھەركىتى دېيىشكە بولىدۇ، دېيىلگەن. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە كىمنىڭ، نېمە مەقسەتتە بىگۇنا پۇخرالارنىڭ مال- مۈلكىنى زىيانغا ئۇچرىتىش مەسىلىسى. شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى ئىقتىسادى مەنپەئەتنى ياكى مەلۇم شەخسي غەرەزنى دەپ جىنايى قىلمىش سادىر قىلغان تېرورچىلار بىلەن مۇستەملىكە قىلىنغان، مۇستەبىت هاكىمىيەت ئاستىدا

ياشاۋاتقان پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ، پۈتۈن بىر خەلقنىڭ تەقدىرى، كېلەچىكى، ھاياتى ۋە مال- مۈلكى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھۆرلۈك كۈرەشلىرى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ ھەم پەرقلىنىشى كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق باياناتى» ۋە «ئاز سانلىقلارنىڭ تىل ،ئۆرپ- ئادەت، مەدەنىيەت، دىنى ئېتىقات ھوقۇقى باياناتى» دا « ئىنسانلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى، سىياسى ھوقۇقى، مال- مۈلۈك ھوقۇقى، ئاز سانلىقلارنىڭ تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ- ئادەت، دىنى ئېتىقات ھوقۇقى قوغدىلىشى كېرەك »، دېيىلگەن. ئۇنداقتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باياناتلىرىدا دېيىلگەن، ئەڭ ئەقەللى قانۇنلۇق ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ھېچقاندىق ھوقۇقى، ئىقتىسادى كۈچى، ھەربى، قۇرال-ياراق كۈچى بولمىغان مىللەتلەرنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بارغان يوللۇق نارازىلىقى تېررورلۇققا كىرسە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قانۇنلىرىنى، كۆزگە ئىلماي سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ھەربى كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى يوشۇرۇن قىرغىن قىلىش، دەپسەندە قىلىش، ھاياتىنى، مال- مۈلكىنى زىيانغا ئۇچرۇتۇش قىلمىشلىرىنى سادىر قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتنى نېمە دېيىش كېرەك؟ بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە تېررورلۇق ئۇقۇمىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۇبيېكت مەسىلىسى. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قەدەر ئۇمۇملاشقان تېررورلۇق ئۇقۇمىغا كەلسەك، ئۇ پەقەت نۇقۇل ھالدا مەلۇم شەخس ۋە مەلۇم تەشكىلاتقىلا قارىتىلىپ قالغان، ھاكىمىيەت ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان . بۇنداق بولغاندا بۇ ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنى خەلقارا قانۇنغا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەر خىل باياناتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا زىت كېلىدۇ. ئەگەر باياناتنىڭ مەزمۇنى بويىچە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۇنداقتا ئەڭ چوڭ تېررورىس-بېگۇناھ ئۇيغۇرلارنى ۋە چېچەنلەرنى قىرغىن قىلىۋاتقان خىتاي ۋە روس ھاكىمىيىتىدۇر. بىراق بۇ ئۇقۇمغا تەبىر بېرىۋاتقانلار يەنىلا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان ھەر خىل سىياسى گورۇھتىكىلەر بولغاچقا، ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى خەلقنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە كۆرسىتىۋاتىدۇ ۋە جىنايەتلىرىنى يوشۇرىۋاتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بۇ ھەققەت ئېتىراپ قىلىنىشتىن مەھرۇم قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا تېررورىزىم ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسىنى ۋە ئۆلچىمىنى بېكىتىش بۇندىن كېيىنمۇ ئۇزۇنغىچە ھەل بولمايدىغان مەسىلە .

# دانالار ھېكمىتى

ئەركىنلىك ۋە تەرتىپ تارىخنىڭ بوران- چاپقۇنلىرىغا ۋە دىيانەت-شەپقەتلىرىنىڭ ئالدىمىغا دۇچ كەلسىمۇ، بەربىر ھۆر خەلقنىڭ قەلبىدىن ئۆنتۈلۈپ كەتمەيدۇ.

نىككولو ماكىياۋىللى

ئۆزىل-كېسىل ئۆيلىنىش رېئاللىق ھەققىدە ئويلانمىغاندىن كۆپ ياخشى. تارىخ قاچانكى بۆرچ تۇيغۇسىنى يوقاتقان، تەپەككۇرى دەلدۈش ئادەملەرنىڭ قولىغا قالىدىكەن.، شۇ قەۋم، شۇ ئىننىڭ توپ شۇبھىسىزكى باشقىلارنىڭ پىشانىسىگە يېزىپ بەرگەن يالغان تارىخنى ئۈن- تىنسىز قوبۇل قىلىدۇ. بىراق بۇنىڭ دەردىنى كېيىنكىلەر بىر ئۆمۈر تارتىدۇ. شۇڭا ئىنسان خاتالىقلاردىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلىنىشقا تىرىششى كېرەك.

ھەبىبۇللا مىجىت

ئىشەنچىم كاملىكى، باتۇرلۇق ئېھتىياتچانلىقتىن ياخشى، تەقدىر بىر ئايالغا ئوخشايدۇكى،ئۇنى كۈچ - قۇدرەت بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ سوغاققانلىقنى ئەمەس، بەلكى باتۇرلۇقنى خالايدۇ. شۇڭا ئاياللار ياشلارنىڭ دوستىغا ئايلانغاندەك ، تەقدىرمۇ باتۇرلارنىڭ دوستىغا ئايلىنىدۇ.

نىككولو ماكىياۋىللى

لىباسلار ئىچىدە ھەممىدىن ياخشىراقى ساۋۇت؛ تاجلارنىڭ ياخشىراقى دۇبۇلغا؛ مەنزىللەرنىڭ يېقىملىقراقى جەڭ مەيدانى؛ شارابلارنىڭ ئېسىللىراقى دۈشمەننىڭ قېنى؛ سايىلەرنىڭ پايدىلىقراقى نەيزە سايىسى؛ ئاۋازلارنىڭ يېقىملىقراقى ئاتنىڭ كىشنىشى؛ ھەممەپەسلەرنىڭ مۇئاپىقراقى پالۋان- باھادىرلاردۇر.

مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز كاشفى

مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تالان - تاراج قىلغانلىقىدىن ئاغرىنماي، ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە تىرىشقىن. ئەگەر سېنىڭدىمۇ ئۇلاردا بار بولغان قابىلىيەت بولغان بولسا ئىدى، ھەرگىزمۇ زۇلۇمغا ئۇچرىمىغان بولۇلاتتىڭ. باشقىلارنى باش ئەگدۈ-رۈشكىمۇ تەدبىر جاسارەت كېرەك.

ئابدۇللا روزىمۇھەممەت

چېچىلاڭغۇ، ئىتتىپاقسىز مىللەت قىيامەتنى ئەمەس بالدۇر كۆتىۋالىدىغان مىللەتتۇر.

ئابلىكىم روزى

نېمىگە ھەققى مۇھتاجلىقىمىزنى بىلمىگەنلىكىمىزدىن مۇھتاجلىقتىن قۇتۇلالماي كەلدۇق.

مۇختار روزى



ئېغىرلىق كۆتۈرۈش خەلقارادا ئومۇملاشقان بىرخىل تەنتەربىيە تۈرى. ئۇ ئېلىپ بېرىلىش شەكلى ۋە مۇسابىقە قائىدىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئولىمپىك ئېغىرلىق كۆتۈرۈش مۇسابىقىسى ۋە كۈچتۈڭگۈر پالۋانلار ئېغىرلىق كۆتۈرۈش مۇسابىقىسى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. كۈچتۈڭگۈر پالۋانلار ئېغىرلىق كۆتۈرۈش مۇسابىقىسى ئاممىۋى تەنتەربىيە تۈرىگە مەنسۇپ بولۇپ، مۇسابىقە مەزمۇنى، شەكلى، ئېلىپ بېرىلىش قائىدىسى جەھەتتە بىرقەدەر ئەركىن بولىدۇ. بۇ تۈرگە قاتناشقان تەنھەرىكەتچىلەر بەلگىلەنگەن مۇسابىقە مەزمۇنى بويىچە تۇرمۇشىمىزدا كۆتۈرۈش ئۇيىكتى بولالايدىغان ھەرخىل جىسىملارنى ئوخشىمىغان شەكىل، ئۇسۇللار بىلەن كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ غەيرىتى، جاسارىتى، چىدامىلىقى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى نامايەن قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇسابىقە جەريانىدىكى ھەرخىل قىزىقارلىق ھەرىكەتلىرى تاماشىبىنلارنى بەكلا جەلپ قىلىدۇ.

كۈچتۈڭگۈر پالۋانلارنىڭ بۇ خىل كۈچ سىنىشىپ ئۆزىنى نامايەن قىلىشى ئەجداتلىرىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئادەتكە ئايلانغان بىرخىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئىدى. تارىخى خاتىرىلەر ۋە رىۋايەتلەردە قەيت قىلىنىشىچە ئەجداتلىرىمىز قورام تاشلارنى، كىسلەپ قويۇلغان يوغان قارىغايلارنى، توپاق ۋە كالىلارنى كۆتىرىش بىلەن كۈچ سىنىشىپ ئۆزلىرىنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى، پالۋانلىقىنى يېڭى-لمەس ئىرادىسىنى نامايەن قىلىشقان. ھەقىقى يىگىتلىكنىڭ سىمۋولى بولغان بۇ خىل كۈچتۈڭگۈرلۈك پائالىيىتى خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇن يىللاردىن بىرى تاشلىنىپ قالغان بولسىمۇ يېڭىدىن يىتىلىپ چىقىۋاتقانلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان بىر ئەلنىڭ ئەنئەنىسىنىڭ بىراقلا ئۈزۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇرلار مەيلى قايسى دۆلەتتە ياشىمىسۇن، مەيلى قانداق تەقدىرگە دۇچ كەلمىسۇن مىللەتنىڭ خاسلىقىنى، ئەنئەنىسىنى يوقاتقىنى يوق. مەن مۇسابىقە مەيدانىدا تولغان مۇسكۇللىرىدىن

> **ئۇنىڭ كۆتىرۋاتقىنى ئېغىرلىق ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ غۇرۇرى**

كۆچتۈگگۈرلۈك، چىڭقالغان يۈزلىرىدىن جاسارەت تېمىم تۇرغان ئۇيغۇر يىگىتى-دىلمۇراتنىڭ ئېغىرلىق كۆتەرگەن ھالىتىنى كۆرگىنىمدە ھاياجىنىمنى باسالمىغان. ئىدىم. "ئەجداتلىرىمغا يۈز كىلەلىسەم، ئۇيغۇر دېگەن نامنى خەلقارالىق مۇسابىقىلەرگە ئېلىپ چىقالىسام قىلىۋاتقان ئىشىمدىن ئۆكۈنمىگەن بولاتتىم" دەيدۇ ئۇ، ئۆزى ھەققىدە توقتالغاندا. دىلمۇرات 1973-يىلى 4-ئاينىڭ 2-كۈنى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھرىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقان ئەجدات قېنى ئەجداتلار ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولغان. ئۇ 1996-يىلدىن باشلاپ مەھەللىلەردە، جامائەت سورۇنلىرىدا تاش كۆتىرىپ كۈچ سىنىششقا قاتنىششقا باشلىغان. شۇ يىلى پۈتۈن تاشكەنت شەھرى بويىچە ئۆتكۈزىلگەن كۈچتۈگگىرلەر مۇسابىقىسىدە 1-لىككە ئىرىشىپ، ماھارەت مەيدانىدىكى تۇنجى غەلبىسىنى قولغا كەلتۈر- گەن. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدا دىلمۇرات كەسپى جەھەتتە تۈتۈپ تەربىيلىگۈچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، رەسمى تېرنىرنىڭ قولىغا ئۆتكەن ۋە ئۆزىنىڭ پىلانلىق مەشىقىنى باشلىغان. 1997- يىلى تاشكەنت ئوبلاستى بويىچە ئۆتكۈزىلگەن كۈچتۈگگۈر پالۋانلار مۇسابىقىسىدا يەنە بىر قېتىم ئالتۇن مىدالغا ئىرىشىپ، ئۆزبېكىستان دائىرىسىدا كۆزگە كۆرىنىشكە باشلىغان. 1998-يىلى ماي ئېيىدا ھىندىستاندا ئۆتكۈزىلمەكچى بولغان خەلقارالىق پالۋانلارنىڭ كۈچ سىنىشىش مۇسابىقىسىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسىدا ئۆزبېكىستان دائىرىلىرى دىلمۇراتنى مىللىتىنى ئۆزبېك دەپ يېزىشقا قىستىغان. دىلمۇرات ئۇلارنىڭ يولسىز تەلىپىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇسابىقىگە قاتنىشىش سالاھىتىنى ئېلىپ تاشلىغان . « دادام ماڭا "سەن ئۇيغۇرنىڭ پەرزەنتى، ئىستىقبالىڭدىن ۋاز كەچسەڭ كەچكىنكى ئۇيغۇرلۇقىڭدىن ۋاز كەچمە" دىگەن ئىدى. مەن قايسى دۆلەتتە ياشىماي يەنىلا ئۇيغۇر» دەيدۇ ئۇ، ئەينى چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ. دىلمۇرات 2002-يىلى ئاپرىلدا شۋېتسىيەگە كەلگەن. ئۇ شۋېتسىيەگە كىلىپلا ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزىگە ماس كىلىدىغان مەشىق سورۇنى تېپىپ جاپالىق مەشىقىنى باشلىۋەتكەن. 2003- يىلى2-ئاينىڭ 8-كۈنى ستوكولمدا ئۆتكۈزىلگەن كۈلۈپلار ئارا مۇسابىقىدە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالغان. 2003-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنى ۋە 5-ئاينىڭ 16-كۈنى ستوكولىم km دا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە 1- لىكنى قولغا كەلتۈرگەن. 2003-يىلى10-ئاينىڭ 11-كۈنى ئېسكىلستۇنادا ئۆتكۈزىلگەن ئۆلكىلەر ئارا كۈلۈپلار مۇسابىقىسىدا 3نچى بولغان. 2003-يىلى 11-ئاينىڭ 22-كۈنى ستوكولىمدىكى دۇپو زالىدا ئۆتكۈزىلگەن كۈلۈپلار ئارا مۇسابىقىدە 1-لىكنى قولغا كەلتۈرگەن. "مېنىڭ شۋېتسىيەگە كەلگەندىن كىيىن ئىرىشكەن نەتىجىلىرىم يامان ئەمەس، ئازىراق تىرىشساملا خەلقارالىق مۇسابىقىلەرگە قاتنىششقا ۋە ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىشەنچىم كامىل، ئەگەر مەن خەلقارالىق مۇسابىقىلەردە نەتىجىگە ئىرىشىپ ۋەتىنىمنىڭ كۆك بايرىغىنى تاماشابىنلار ئالدىدا بىر جەۋلان قىلدۇرالىساملا بۇرەكتە ئارمانىم



قالمايتى . دەيدۇ ئۇ كەلگۈسى پىلانلىرى ھەققىدە توقتالغاندا ھاياجىنىنى باسالماي.

ئۇيغۇرلار بەدەن ساپاسى جەھەتتە نازۇك ھەركەتكە ماس كىلىدىغان تەنتەربىيە تۈرىگە ئەمەس بەلكى كۈچ، قاراملىق، پاراسەت تەلەپ قىلىدىغان تەنتەربىيە تۈرىگە تېخىمۇ ماس كىلىدۇ. بىراق مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغان، باشقا مىللەتلەر ئالدىدا كەمسىتىشكە ئۇچۇراۋاتقان ئەھۋالدا ئۆزىنى نامايەن قىلىش ئىسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن زور بەدەل تۆلەشكە ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كىلىدۇ. دىلمۇرات دەل شۇنداق بەدەللەرنى تۆلىگەن ياشلىرىمىزنىڭ بىرى. كەمسىتىشكە ئۇچرىغان مىللەتلا مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى، مىللەتنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ. نومۇستىن ئانا تۇپراقنىڭ ئارمىنىنى ئاقلايدىغان بۇنداق ياشلىرىمىز ئارىمىزدا ئاز ئەمەس.

تەييارلىغۇچى: تۇركىزات

# نورۇز

ئايىم بەخت



نورۇز– ئوتتۇرا ئاسىيانى ئانا ماكان قىلغان قەدىمقى هونلارنىڭ ئەۋلادى بولغان تۈركى خەلقلەرنىڭ ئورتاق مىللى بايرىمى. ئۇ تۈركى خەلقلەردىن تارقىلىپ، هەرخىل ۋارىيانت ياساپ، دۇنيادىكى هەرقايسى مىللەتلەرگە تۈرلۈك شەكىلدە ئۆزلەشكەن ۋە هەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ مىللى بايرىمىغا ئايلانغان.

نورۇز– تەبىئەت ئويغانغان، پۈتۈن جان– جانىۋارلار، دەل– دەرەخلەرگە يېڭى هايات بەخش ئېتىلگەن كۈن، پۈتكۈل ئالەم پاكلانغان كۈن، هەزرىتى نوھ يېڭى بىر هاياتنى باشلىغان كۈن. دېمەك نورۇز– ئىنسانىيەت بايرىمى بولۇشقا مۇناسىپ.

نورۇز بايرىمى– هەزرىتى نوھنىڭ يېڭى هاياتنى باشلىغان تۇنجى كۈننى خاتىرلەش يۈزىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ هونلاردا بارلىققا كەلگەن. كېيىن هونلارنىڭ بىۋاستە ئەۋلادى بولغان ئۇيغۇرلار ئارقىلىق باشقا تۈركى خەلقلەرگە ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان.

مىلادىدىن 1500 يىللار بۇرۇن هونلار چارۋى– چىلىق، تېرىقچىلىق كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، بۇ ئىپتىدائى چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىقنىڭ تەرەققىيات ئېھ– تىياجى كىشىلەرگە ۋاقىتنى توغرا هېساپلاش كېرەكلىكىنى هېس قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا تەقۋىم– كالىندار تۈزۈپ چىقىش ئېھتىياجى پەيدا قىلدى. ئۇلار تۈتۈۋېلىشقا، ئىسىدە قېلىشقا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن هەربىر ئاي ناملىرىنى هەر خىل هايۋانلارنىڭ نامى بىلەن پەرىقلەندۈرگەن بولۇپ، 12دانە هايۋاننى 12 ئاينىڭ نامى قىلىپ قوللانغان. ئۇلار هەر قېتىملىق تېرىقچىلىق باشلىنىدىغان مەزگىلنى يىل بېشى هېساپلاپ، قىشنىڭ جۇت– بورانلىق قاتتىق كۈنلىرىدىن ئامان– ئىسەن چىقىپ، يېڭى هاياتقا ئېرىشكەنلىكىنى قۇتلۇقلاپ تەنتەنە قىلىشقان ۋە بىر– بىرىنى مۇبارەكلىشىپ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشكەن. بۇخىل تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەتكە ئايلىنىپ، كېيىنكىلەرگە بايرام سۈپىتىدە ئۇدۇم بولۇپ قالغان. بۇ نوقتىدىن قارىغاندا نورۇز بايرىمى قانداقتۇ بىرەر دۆلەتكە ياكى بىرەر دىنى گوروھقا ۋە ياكى بىرەر مەزھەپكە مەنسۇپ بولغان سىياسى بايرام ياكى دىنى بايرام بولماستىن بەلكى، بەلگىلىك جۇغراپىيىلىك تېرتورىيىدە ياشىغان خەلقلەر توپىنىڭ مىللى بايرىمىدۇر. خىتايلارنىڭ چاغىنى، خىرىستانلارنىڭ نوئېل بايرىمى، پارىسلارنىڭ «نورۇز»نامى بىلەن ئاتالغان يېڭى يىل بايرىمىمۇ دەل بىزنىڭ نورۇز بايرىمىمىزدىن كەلگەندۇر.

نورۇز بايرىمىنىڭ مەنبەسىنى پارىسلاردىن ئىزدىگۈ– چىلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئاساسلىنىدىغىنى ئۇبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ «شاهنامە» داستانىدۇر. ئەمما ئۇلاردىن 1000 يىل بۇرۇن هونلارنىڭ نورۇز بارىمنى ئۆتكەزگەنلىكى مەلۇم. مەخمۇد قەشقىرى ۋە يۈسۈپ خاس هاجىپلارمۇ نورۇز بايرىمىنىڭ تۈركى خەلقلەرنىڭ مىللى بايرىمى ئىكەنلىكى هەققىدە خەۋەر بىرىدۇ. دېمەك نورۇز بايرىمى– ئۇزاق تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كىلىۋاتقان ئەجدات بايرىمىدۇر، ئەنئەنە بايرىمىدۇر، مىللى كىملىك بايرىمىدۇر، مىللى ئۆزلۈك بايرىمىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تارىخىدا قانچىلاپ هاكىمىيەت ئالماشتۇردى، قانچىلاپ دىن ئالماشتۇردى. ئەمما نورۇزدىن ئىبارەت بۇ مىللى بايرام تاشلىنىپ قالماي ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. نورۇز هون كالىندارى بويىچە قۇياشنىڭ كوج بۇرجىغا كىرگەن، كېچە بىلەن كۈندۈز تەڭلەشكەن، باهار باشلانغان 21– مارتتا ئۆتكۈزىلىدۇ.

ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە 21– مارت:

ئۇلۇغ تەڭرى دۇنيانى ياراتقان كۈن،

هەزرىتى نوھ كېمىدىن چۈشكەن كۈن،

ئۇيغۇرلار ئېرگىنېكۈندىن چىققان كۈن،

قىش ئاخىرلىشىپ، باهار باشلانغان كۈن،

يەر– زېمىن ئويغانغان، يېڭى هايات باشلانغان كۈن.

قىسقىسى نورۇز بايرىمى – پەسىل بايرىمى، تەقۋىم بايرىمى، يېڭى يىل بايرىمى، باهار بايرىمى.

تۈركى خەلقلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز ئەنئەنىسى بىر قەدەر مۇكەممەل بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا توققۇز ئەنئەنە، توققۇز نۇر دەپ ئاتالغان قىممەتلىك مىللى مىراس بۈگۈنگىچە ساقلانغان.

1– دۇمباق چېلىپ نورۇز باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىش، ئۆي- ئۆيدىن خالىغان يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ مەھەللە مەركىزىگە توپلىش، 9خىل داندىن «كۆجە ئېشى» تەييارلاش، بىر- بىرىنىڭ ئۆيىدە كۆجە ئېشى ئىچىپ يېڭى يىلنى مۇبارەكلەش قاتارلىقلار.بۇ «نورۇزغا چىقىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

2– پاكىز، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، ئىبادەتگاھلارغا بېرىش، قەبرە يوقلاش قاتارلىقلار «نورۇز دۇئاسى» دېيىلىدۇ.

3– ئۆز- ئارا بىر- بىرىنى زىيارەت قىلىشىش، ياردەمگە مۇھتاجلارغا ياردەم قىلىش، كېسەللەرنى يوقلاش، رەنجىگەنلەردىن ئەپۇ سوراش، ئاغرىنالارغا نەسىھەت قىلىش قاتارلىقلار« نورۇز زىيارىتى» دېيىلىدۇ.

4– ھەر قايسىلىرى ياش ئالاھىدىلىكى بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، نورۇز ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىش. بەزى مەنبەلەردە خاتىرلىنىشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز ئويۇنلىرى 50 خىلدىن ئاشقان. بۇلاردىن مەشھۇرلىرى؛ ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، ساماغا چۈشۈش، مەشرەپ قاتارلىقلار بۇلار« نورۇز ئويۇنلىرى» دېيىلىدۇ.

5– ھەممە يەردە ئات سەيلىسى، بەزمە سەيلىسى، تاغ سەيلىسى، يۇرت سەيلىسى، باغ سەيلىسى قاتارلىق سەيلە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ «نورۇز سەيلىسى» دېيىلىدۇ.

6– نورۇز كۈنى ھېكايە، داستان، شېئىر ئوقۇلىدۇ، مەدداھلىق قىلىنىدۇ، نورۇزنامىلەر سۆزلىنىدۇ. بۇ «نورۇز مۇشائىرىسى» دېيىلىدۇ.

7– بۇ كۈنى چوڭلارنى يوقلاش، دەردى بارلارغا دەرمان بولۇش، ئازارلىشىپ قالغانلارنى ياراشتۇرۇش، نىكاھ يېشىغا توشقانلارغا مۇۋاپىق ياردەم قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ« نورۇز ساخاۋىتى» دېيىلىدۇ.

8– دېھقانلار نورۇزنى ئىش بېشى دەپ قارايدۇ. ھەر يىلى نورۇزدا يىللىق ئىشلارنىڭ پىلانى تۈزىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇستەڭ چېپىش، كۆل قېزىش، كۆۋرۈك سېلىش، كۆچەت تىكىش قاتارلىقلار. بۇ« نورۇز پىلانى»دېيىلىدۇ.

9– نورۇزدا كەمبەغەللەرگە ، ئىگە-چاقىسىزلارغا، ياشانغانلارغا قازاغا يولۇققانلارغا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتە ياردەم بېرىلىدۇ. بۇ «نورۇز ياردىمى» دېيىلىدۇ.

نورۇز ئۇيغۇرلاردا سۆيگۈ ۋە شەپقەت بايرىمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

21– ئەسىر بارلىق تۈركى خەلقلەر ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەشكە، مىللى كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىغان خاسىيەتلىك ئەسىر بولماقتا.

نورۇز بايرىمى 1991– يىلدىن باشلاپ بىر قىسىم تۈركى مىللەتلەردە رەسمى قانۇنلۇق بايرام قىلىپ بېكىتىلدى.

بىر مىللەتنىڭ تارىخ سەھنىسىدە مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى – مەدەنىيەت. چۈنكى مەدەنىيەت ئامىلى بىر مىللەتنىڭ گىن خەرىتىسىدۇر ۋە ئومۇمى مىللەت گەۋدىسىنىڭ «ياشام شەكلىدۇر». بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىدە، تەبىئەت، جەمئىيەت ھەققىدىكى تۈپكى پەلسەپىۋى قاراشلىرىدا ئىپادىلىنىدىغان قاراشلار مەدەنىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللاردۇر.


نورۇز– كىشىلەرنى بىر- بىرىگە باغلايدىغان، ئىتتىپاقلاشتۇرۇدىغان، قەلبلەرنى ئەجدات روھى بىلەن تاۋلايدىغان، مىللى ئۆرپ- ئادەتلەرنى جانلاندۇرىدىغان، ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇدىغان، غەپلەت تۇمانلىرىدىن پاكلاشتۇرۇدىغان، ھەقىقى مىللى ئۆزلۈكنى تاپىدىغان، مىللى كىملىكنى تونۇتۇدىغان مۇقەددەس بايرامدۇر.

نورۇز– بەركەت، نورۇز– سۆيگۈدۇر، ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس بۇ مىللى بايرامدىكى بەركەت ۋە سۆيگۈ رىشتىسى ياخشى نىيەتلىك ئىنسانلارنى بىر- بىرىگە باغلىسۇن.

ئۇيغۇرلار بۇ مۇقەددەس بايرامنىڭ تارىخى مىراسخورى ۋە شەرەپلىك ئىختىراچىسىدۇر. ئەمما خەلقىمىز بۈگۈن نورۇز ھاياجىنى بىلەن شاتلىنىش ئەمەس بەلكى، نورۇز ئىلھامى ئارقىلىق مىللى كىملىكنى، مىللەتنىڭ دۇچ كىلۋاتقان تارىخى كىرزىسىنى ھېس قىلماقتا. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار روھىنى ئويغۇتۇپ، ئۆز تارىخىنى قايتا يېزىشقا تەمشەلمەكتە، تارىخى سەۋەنلىكلەرنى، ئالداش ۋە ئالدىنىشنىڭ نەملىكىنى ھەقىقى ھېس قىلماقتا. نورۇز– مىللى روھ، مىللى غورور، نورۇز– مەشئەل، نورۇز– ئاتەش. بۇ ئاتەش غورور ۋە ئىماننى سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ ئويغۇزخان ئەۋلاتلىرىغا خاس ھەقىقى ئەزىمەتلەرنى تاۋلاپ چىققۇسى. بۇ ئاتەش ھەربىر ئۇيغۇر پەرزەنتىگە« مەن ئىنسانمەن ئەمما پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقىم ئۈچۈن مۇكەممەلمەن»، دەيدىغان روھنى ئاتا قىلغۇسى.

بۇ ئاتەشتە يانغان يۈرەك، بۇ ئاتەشتە قىزىغان تومۇرلاردىكى قان خورلانغان بۇ ئېزىز تۇپراققا «مۇستەقىل ۋەتەن» دېگەن مۇھۇرنى باسقۇسى!

# ئەگەر ئامرىكا جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلسا......





(بىر خىتاينىڭ يۈرەك سۆزى)

ئەگەر ئامرىكا جۇڭگو بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قالسا، مەن خۇتۇن باللىرىمنى ئېلىپ يېزىدىكى تۇققانلىرىمنىڭ يېنىغا كىتىمەن. تۇققانلىرىم بىر نامرات يېزىدا تۇرىدۇ. ئۇ يەر ئاچ قالغان چاچقانمۇ بارمايدىغان يەر. يەنە كىلىپ يىقىندىن بۇيان ئىشىنىڭ تۈگىدىنىمۇ كۆپىيىپ كەتكەن پارخور ئەمەلدارلارنىڭ ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان باج- سېلىقلىرى دەردىدىن ئۇ يەردە پۇلغا يارىغۇدەك بىر نەرسىمۇ يوق. شۇنداق بولغاندا ئامرىكا ئۇ يەرگە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك بومبىلىرىنى تاشلىمايدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئۇ يەردە خاتىرجەم ياشىيالايمىز. ئۆز زەمبىرەكلىرىمىز تىگىپ كەتمىسىلا ئۇرۇشنىڭ قورقۇپ كەتكۈچىلىكى يوق. مەن ھازىر تېلىۋىزوردا ھەممىنى كۆرۈپ بىلدىم. ئامرىكا ئەسكەرلىرى ئەينى چاغدىكى ياپون ئەسكەرلىرىگە ئوخشىمايدىكەن. ياپون ئەسكەرلىرى كۆيدۈرۈپ، قىرىپ، باسقۇنچىلىق قىلىپ دىگەندەك «ئۈچتە قىرىش» سىياسىتىنى قوللانغان. ئەكسىچە ئامرىكا ئەسكەرلىرى بولسا بىگۇناھ پۇخرالارنىڭ زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىدىكەن. پۇخرالارغا يەيدىغان، ئىچىدىغاننى بېرىدىكەن ھەتتا ياردارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىكەن. بەلكى جۇڭگونىڭ «قاسقان شەپكىلىك» لىرىدىن ياخشى ئىكەن. بۇنىڭ ئەندىشە قىلغۇدەك نىمىسى بار. ئۆيىڭدە ئولتۇرۇپ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتسەڭلا بولىدى.

تەختە كىم ئولتارسا ماڭا بەربىر. چۈنكى مەن ئەسلىدىنلا بىر ئىتائەتمەن بەندە. كىمگىلا بويسۇنساڭ ئوخشاش ئەمەسمۇ. ئامرىكىغا ياكى ئامرىكا تىكلىگەن «قورچاق ھۆكۈمەت»كە بويسۇنساڭ بەلكى كۈنلىرىڭ تېخىمۇ ياخشى ئۆتەر. ئافغانىستاننىڭ ھازىرقى پۇخرالىرى تالىبانلار دەۋرىدىكىدىن ياخشى ئۆتىۋاتىدىغۇ؟ ناۋادا ھۆكۈمەت مىنى مەجبۇرلاپ قورالدىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويسا، ئەلبەتتە ئامال يوق بارىمەن. ئەمما ھەرگىزمۇ « ئادەم بومبا» بولۇپ قەھرىمان بولمايمەن .ماڭا 340 مىڭ ئامرىكا دوللىرى بەرسىمۇ قىلمايمەن. مەن پەقەت كۆپچىلىككە ئەگىشىپ، ئۇياق- بۇياققا يۈگۈرەپ قويىمەن. كۆپچىلىك چېكىنسە مەن دەرھال يول بوشۇتىمەن. ماڭا ئوخشاش ئادەمنىڭ ئۇرۇشقا بېرىشىغا ئېھتىياج تۇغۇلغاندا دۆلەتمۇ ئاللا بۇرۇن تۈگەشكەن بولىدۇ. ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلگەن ئەسكەرلەر تاغدەك دۆۋىلەنگەن بولىدۇ. كۆپچىلىككە ئەگىشىپ تاققا چىقىپ پارتىزانلىق قىلىپ يۈرمەيمەن. ئەڭ ياخشىسى ئامرىكا ئەسكەرلىرىگە قولۇمنى كۆتىرىپ تەسلىم بولىمەن. ئەسىرگە چۈشۈش يامان ئىش ئەمەس. ئەسىرلەر لاگىرىدا يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەر بار

ھەم بىخەتەر. ئەڭ مۇھىمى ھايات قالسەن . ھاياتلا قالساڭ يەنىلا ئىتائەتمەن پۇخرا بولۇپ كىتىۋېرىسەن. يەنە كىلىپ ئۆيدە خوتۇن-بالىلىرىڭ بار. بۇلار مەن ئۈچۈن دۆلەت، مىللەت دىگەنلەردىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق.

چۇقۇم نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەرلەر مىنى «خائىن»دەپ تىللىشى مۇمكىن. تىللىساڭ تىللاۋەر، ماڭا بەرىبىر. چۈنكى مىنىڭ دۆلەت بىلەن ھىچ ئالاقەم يوق. مەن پەقەت كىچىكىنە بىر ئىتائەتمەن بەندە. بۇنى مەن يۈرىكىمدىن ئېنىق بىلىمەن.


بۇرۇن مەن بۇنى بىلمەيتتىم. مەنمۇ ئۇقۇغۇچى ۋاقتىمدا خۇددى بۇگۈنكى تور بەتلىرىدىكى« سادامنى قوغداپ، ئامرىكىغا قارشى تۇرغۇچىلار»غا ئوخشاش قىنىم قىزىپ تۇرۇدىغان ياشلاردىن ئىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا مەن ۋە ساۋاغداش-لىرىم ئۆزىمىزنى دۆلەتنىڭ تۈركى، شۇڭا ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئاتىشىمىز كىرەك دەپ ئويلايتتۇق. كىم بىلسۇن: «خوجايىن چاپىنىڭىز پاسكىنا بولۇپ قاپتۇ»دەپ قويغۇنىمىز ئۈچۈن شاپالاقتىن ئىككىنى يەپ، ئاغزىمىزغا تىزەك تىقىلدى. شۇندىن كيىن مەن بىردىنلا سەگەكلىشىپ قالدىم ۋە ئۆزۈمنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالدىم. ئەسلىدە مەن بىر ئىتائەتمەن بەندە بولۇپ يارالغان ئىكەنمەن. دۆلەتنىڭ ئىشلىرى ئەمىلىيەتتە مەن بىلەن ئىچقانداق ئالاقىسى يوق ئىكەن. نىمە ئۈچۈن ئۆزۈمچە شۇنچە سەكرەپ كىتىمەن. شۇندىن باشلاپ مەن يۇۋاش، يۇمشاق، ئەستائىدىل، ئىتائەتمەن بەندە بولۇپ قالدىم. خوجايىنىمنىڭ كىم بولۇشىدىن پەرۋايىم پەلەك. ماڭا كىم خوجايىن بولسا مەن شۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمەن. ئەمما ئىتائەتمەن بەندىنىڭمۇ ئۆز پىرىنسىپى بولۇدۇ. مىنىڭ ئىتائەت پىرىنسىپىم بولسا :غۇرورنى سېتىش، جاننى ساتماسلىق. خوجايىنىم مىنى ئادەم قاتارى كۆرمىگەن ئىكەن، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئادەم قاتارى چاغلاپ باقمىدىم. ئىنسان ھەقلىرى دىگەن نەرسىگە قىزىقمايمەن. لىكىن خوجايىنىم مىنى ئۆزى ئۈچۈن جان پىدا قىل دىسە ھەرگىز ئۇنىمايمەن. چۈنكى جان ئۆزۈمنىڭ ئۇنى خوجايىنىم بەرگەن ئەمەس. خوجايىنىم مىنى ئادەتتە ئادەم قاتارى كۆرمەي پەقەتلا خوشامەت قىلدۇرسا، سۆز- ھەركىتىم چەكلەنسە، جاھان تەۋرەپ زىمىننى ساقلاپ كېلىش قىينىغا چۈشكەندە توسساتتىن مىنى ئادەم قاتارى ئىشقا سالىمەن دىسە، بۇ ۋاقىتتا مەن:«كەچۈرۈڭ، خوجايىن بۇرۇن نەگە كەتكەن ئىدىڭىز، كەچۈرۈڭ سىزگە «قاربىيالمايمەن »، دەيمەن.

تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغۇچى: باتۇر ئوغۇزتىكىن

# يىلنامە ۋە تەقۋىم

ئەجداتلىرىمىز ئۆز تىرىكچىلىكىنى ھاۋا رايىدا بولىدىغان ئۆزگىرىشكە ماسلاشتۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن كۈن، ئاي ۋە بەزى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ «چىقىش»، «پېتىش» قاتارلىق ھەركىتىنىڭ دەۋر قىلىش ۋاقتى بويىچە يىلنامە تۈزۈپ چىققان. بۇ يىلنامە بويىچە ئون بەش كۈن بىر مەزگىل؛ ئىككى مەزگىل ئوتتۇز كۈن؛ ئوتتۇز كۈن بىر ئاي؛ ئۈچ ئاي بىر توققسان؛ (بىر پەسىل)، تۆت پەسىل ئون ئىككى ئاي؛ ئون ئىككى ئاي بىر يىل قىلىپ بەلگىلەنگەن. يىل، ئايلارغا ئايرىم-ئايرىم ئات قويغان. ئەجداتلىرىمىز مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئۆزلىرى كۆزىتىپ كەلگەن كۈن، ئاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ قوزغىلىش ۋاقتىنىڭ ئون ئىككى يىلدا بىر قوزغىلىدىغانلىقىنى ھېساپلاپ چىقىپ، ئۇنى «مۆچەل» دەپ ئاتىغان ۋە يېزىق يوق شارائىتتا ئەستە تۇتۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ھەر يىلغا بىر خىل ھايۋان نامىدا ئات قويۇپ پەرىقلەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ۋە مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەن يىل ۋاقتىنى خاتىرلەش، ياش ھېساپلاشتا شۇ مۆچەل يىل نامىنى ئاساس قىلىدىغان بولغان. بۇ يىلنامە بويىچە 3- ئاي يىل بېشى ھېساپلانغان. ئەجداتلىرىمىزنىڭ تەجرىبە — سىناقلىرىدا 3- ئاينىڭ 22- كۈنى كۈن بىلەن تۈننىڭ تەڭلىشىپ، يەرنىڭ ھارارىتى ئۆرلەپ تەبىئەتتە قايتىدىن ئويغىنىش باشلىنىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

مۆچەل :سىچقاق يىلى، ئۆي (ئۆد) يىلى، بارىس(يولۋاس) يىلى، بېلىق يىلى، تىۋىشقان (توشقان)يىلى، يىلان يىلى، يىند(ئات) يىلى، قوي يىلى، بىچىق(مايمۇن) يىلى، تاقاغۇ( توخۇ) يىلى، ئىت يىلى، توڭگۇز يىلى.



# شىۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللار

ئۆزۈم كۆرگەن ۋە ئىگەللىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا شىۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانا، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇرلارغا دائىر ناھايىتى زور




مىقتاردا ماتېرىياللار ساقلانغان. بۇ ماتېرىياللار ئاساسەن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلار، ھۆججەتلىك فىلىملەر، فوتو سۈرەت لىنتىلىرى، ئۈنئالغۇ لىنتىلىرى، شىۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق يازغان ھەرخىل كىتاب ۋە ماقالىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ماتېرىياللارنى ئۇيغۇر ئېلىگە بارغان شىۋېتسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ۋە دىن تارقاتقۇچىلار يىققان ۋە توپلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ،كۆرگەن، بىلگەنلىرى ئاساسىدا يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى، فوتو سۈرەتلىرى، ئۈنئالغۇ لىنتىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

شەرقى تۈركىستاندىن ئىبارەت ئاسىيانىڭ كىندىكىگە جايلاشقان بۇ سىرلىق زېمىنغا 19- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ياۋروپالىق ئېكسپېدىيەچىلەر، ئارخولوگلار، ۋە دىن تارقاتقۇچىلار تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، شىمالى ياۋروپادىكى ئاساسلىق دۆلەت ھېساپلانغان شىۋېتسىيەدىنمۇ شەرقى تۈركىستانغا بارغانلار ناھايىتى كۆپ بولغان.

شىۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا شىۋېتسىيەلىكلەرنىڭ شەرقى تۈركىستانغا كېلىش تارىخى 1890- يىللاردىن باشلانغان بولۇپ، سېۋىن ھېدىن، گۇننار ياررىڭ قاتارلىق بىر قىسىم ئېكسپېدىيەچى ۋە تەتقىقاتچىلاردىن باشقىلىرى ئاساسەن دىن تارقاتقۇچىلار بولغان. ئۇلار قەشقەر ۋە يەركەننى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ قالدۇرغان ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا ئۇلار تاكى 1938 - يىلغىچە بولغان ئارلىقتا جەمئى 47 يىللىق تارىخى مۇساپىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ جەرياندا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن خىلمۇ- خىل تارىخى ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولغان. ئۇلار شىۋېتسىيەگە قايتقاندىن كېيىن ئۆزلىرى ئەينى چاغدا يىققان، توپلىغان ۋە سۈرەتكە، ئۈنئالغۇغا ئالغان ماتېرىياللىرىنى ۋە خىلمۇ خىل مەزمۇندىكى كۈندىلىك خاتىرە، خەت چەكلىرىنى شىۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. شىۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىمۇ ئۇيغۇرلارغا دائىر مەخسۇس ئەسەرلەرنى، گېزىت- ژورناللارنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ ساقلىغان. شىۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللار كاتولىگىدا «شەرقى تۈركىستان »نامىدا ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللار جەمى 159 قاپ



بولۇپ، كۆپىنچىسى رەسىملەرنى ئاساس قىلغان. 1987 - يىلى 11 - ئاينىڭ 25- كۈندىكى ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى رەتلەش خولاسىسىدا 159قاپ 3116تاقتا تەخمىنەن 8769 پارچە رەسىم بار دېيىلگەن. بۇ ئارخىپ ماتېرىياللاركاتولىكلىگىدا ناھايىتى ئاز ساندىكىلەرگە ئايرىم چۈشەنچە بېرىلگەندىن سىرت كۆپىنچىسىگە تەپسىلى چۈشەنچە بېرەلمەستىن قىسقىچە تونۇشتۇرۇش يېزىپ قويغان




1- باش تېزىملىك بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستانغا بارغان مىسسىيونېرلارنىڭ تەپسىلى تىزىملىكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شۇ چاغدىكى جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، دەريا، كۆل، تاغلىرى ھەققىدە يېزىلغان ماتېرىياللار ۋە رەسىملەر ساقلانغان.

2- 3پىتا قەشقەر ۋە يەركەنگە بارغان مىسسىيونېرلارنىڭ بۇ يەردە قۇرغان باللار باغچىلىرى ۋە ئوقۇ- ئوقۇتۇش، مائارىپ ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللار ساقلانغان.

4- قاپتا ھىندىستان، روسىيە يولى بولغان كارۋان سەپەرلىرى جەريانلىرى كۆرگەن- بىلگەنلىرى، باشتىن كەچۈرگەنلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن.

5- قاپتىن 49- قاپقىچە قەشقەر ۋە يەكەندە پائالىيەت ئېلىپ بارغان مىسسىيونېرلارنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللار ساقلانغان .

50- قاپتىن 93- قاپقىچە مىسسىيونېرلارنىڭ ئائىلە ئەھۋاللىرى ۋە ئۇلار توپلىغان، يىققان ھەرخىل ماتېرىياللار ساقلانغان .

94- قاپتىن 108- قاپقىچە مىسسىيونېرلار جەمئىيەتلىرى- نىڭ ئەمزالىرى، قەشقەر ۋە يەكەنگە بارغان ئېكسپېدىيې- چى، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى ماتېرى- ياللار ساقلانغان.

109- قاپتىن 110 –قاپقىچە قەشقەردىكى روسىيە ۋە ئەنگلىيە كونسۇللىرىنىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدىكى ماتېرىياللار ساقلانغان.

111- قاپتىن119- قاپقىچە شەرقىي تۈركىستان ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا ماتېرىياللار ساقلانغان.

120- قاپتىن 125- قاپقىچە قەشقەر شەھرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە دائىر ماتېرىياللار ساقلانغان.

126- قاپتىن 132- قاپقىچە يەركەن شەھرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە دائىر ماتېرىياللار ساقلانغان.

133- قاپتىن 136- قاپقىچە قەشقەر يېڭى شەھەرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە دائىر ماتېرىياللار ساقلانغان.

137- قاپتا يېڭىساردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە دائىر ماتېرىياللار ساقلانغان. 138- قاپتىن 141- قاپقىچە مىسسىيونېرلارنىڭ تەتىل كۈنلىرىدىكى ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ساقلانغان.

142- قاپتىن 145- قاپقىچە قاتناش، سودا، قۇرلۇش، قول- سانائەت، سانائەت قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ساقلانغان.

148- قاپتىن 150- قاپقىچە خەلقنىڭ ئاممىۋى پائالىيەتلىرى، ئەسكەرلەر تۇرمۇشى، ئىسلام ۋە مۇقەددەس قەبرىلەر ھەققىدىكى رەسىم ۋە بىر قىسىم ھۆججەت خارەكتېرلىك ماتېرىياللار ساقلانغان.

151- قاپتىن 155- قاپقىچە مىسسىيونېرلار ئاچقان مەكتەپلەر، مىسسىيونېرلارنىڭ قەبرىلىرى، ھەرقايسى مىسسىيونېرلار گۇرۇپپىسى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار بېرىلگەن.

156- قاپتىن 159- قاپقىچە 147- يىلدىن 149- يىلغىچە بولغان ئارلىقتا يۈز بەگەن ۋەقەلەرگە دائىر ماتېرىياللار ساقلانغان.

يوقارقىلاردىن سىرت ئارخىپخانىدا 1938-يىلى مىسسىيونېرلار شۋىتسىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلاردىن ئاغزاكى ئېلىنغان 45 دانە ئۈنئالغۇ لېنتىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەينى چاغدىكى شەرقىي تۈركىستاندا

ئۆزلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، كۆرگەن- بىلگەنلىرى، ھېس قىلغانلىرى ۋە تەسىراتلىرى سۆزلەنگەن.




بۇنىڭدىن باشقا ئارخىپخانىدا 1930- يىلى لىنتىغا ئېلىنغان 16مىللى مېتىرلىك 3 دانە فىلىم ساقلانغان.

شۋېتسىيەلىكلەرنىڭ شەرقى تۈركىستانغا بېرىش يولى ئاساسەن - ستوكھولم- موسكۋا- تاشكەنت - ئەنجان -ئوش - قەشقەر بولغان. ئۇلارنى بىر قېتىملىق سەپەر خاتىرىسىدە ئۆزلىرىنىڭ بۇ يولنى 1927- يىلى 5- ئاينىڭ 24- كۈنىدىن 1927- يىلى 6- ئاينىڭ 18- كۈنىگىچە بولغان 24 كۈندە تاماملىغانلىقى يېزىلغان. ئۇلار بۇ يولدا ھەر يىلى بىر - ئىككى قېتىمدىن قاتناپ تۇرغان. بەزىدە ئۇلار يۈزلەپ تۆگە ۋە ئاتلارنى ئىجارىگە ئېلىپ ئۆزۈن كارۋان سېپىنى پەيدا قىلغان. ئۇلارنىڭ يىلدا بىر نەچچە قېتىم قاتناپ تۇرۇشى ۋە ئات- تۆگىلەرگە ئارتىلغان يۈك- تاقلارنىڭ كۆپ بولۇشى ئادەمنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرۇدۇ. 20- قاپنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىدە ئۇلارنىڭ چىقىم ھېساۋاتى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ شۇنچە زور چىقىملارنى سەرپ قىلىشىنىڭ سەۋەبى بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

يوقارقىلار ئاساسەن شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئارخىپخانىدا «شەرقى تۈركىستان » نامىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا دائىر رەسىم، خەت - چەك ، ھۆججەت ماتىرىيالدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا شۋېتسىيە لۇند ئونىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇرچە ۋە ئۇيغۇرلارغا دائىر ھەرخىل تىل - يېزىقتىكى (ئۇيغۇر تىلى چاغاتاي يېزىقىدىكى كىتاپلار ئەڭ كۆپ)قول يازمىلار، كىتاپلاردىن بولۇپ جەمئى 11مەڭ پارچە كىتاپ ساقلانماقتا.

ستوكھولم ئونىۋېرسىتېتىدا گۇننار ياررىڭ يىغىپ ساقلىغان ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئونىۋېرسىتېت كۈتۈپخانىسىغا تەقدىم قىلغان، كۈتۈپخانا ئۆزلىرى يىققان ۋە ئۇيغۇرچە ۋە ئۇيغۇرلارغا دائىر كىتاپلار مىڭ پارچىغا يېقىن بولۇپ، مېنى ھەممىدىن بەك قىزىقتۇرغىنى 30- 40 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق شەخسلىرىنىڭ بىرى بولغان بولات قادىرنىڭ «ئۆلكە تارىخى»دىگەن كىتابى، 1933- يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ نەشىر ئەپكارى بولغان« ئىستىقلال »،«شەرقى تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ مۇكەممەل ساقلانغان نۇسقىلىرى ۋە 1930 - يىللىرى قەشقەردە نەشىر قىلىنغان «تەبئەت»، «ئاتونومىيە»دىگەن دەرسلىك كىتاپلار بولدى.

قىسقىسى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن شۋېتسىيەدىكى بۇ ماتىرىياللار زور ئەھمىيەتكە ئىگە.


شرقى توركستان مركز استقلال جمعيتى نيك نظامنامه سى

2004- يىل 9- دىكابىر

تەييارلىغۇچى: يالقۇن ئەبەي

# Gherp Shamili

*Utges av Svenska Uygur Kommittén*

**Postadress:** SUK
Box 45
631 02 Eskilstuna
SWEDEN

**Telefon:** 0046 16 421305
**Fax:** 0046 16 421305
**E-post:** gherpshamili@uygurie.com
**E-post:** suk@uygurie.com
**Webbsida:** www.uygurie.com

**Postgiro:** 272403-7
**Org nr:** 802414/2351

**Chefredaktör:** *Kurash Sultan*
**Ansvarig utgivare:** *Kurash Sultan*
**Redaktör:** *Turkizat Abit*
*Abdurishit Haji*
**Redaktion:**

1. *Ablikim Baki(USA)*
2. *Alimjan(Kazakistan)*
3. *Semet(Norge)*
4. *Kamiljan(Finland)*
5. *Nebijan(USA)*
6. *Parhat(Tyskland)*
7. *Rukiye(Kanada)*
8. *Kahar(USA)*
9. *Ehmetjan(Turkiyet)*
10. *Omar(USA)*
11. *Xohrat(USA)*

**Upplaga:** 1000 ex
**ISSN:** 1652-0165

**Tryckeri:** Tryckverket Grafiska

**4 gånger om året**


*För innehåll och åsikter i tidningen ansvarar de enskilda skribenterna. Det är inte nödvändigtvis Gherp Shamilis ståndpunkt som uttrycks.*

## INNEHÅLL


***Uygurer som flyktingar utomlands***

**Hur ska det uyguriska språket kunna fortleva?.............Kahar**
**Trots livets mörkasidor lyser kärlekens ljus..................Ehmet**
**Kände poet- Dolkun Yasin..................................Ehmet**
**Hans styrka ger befolkningen stolthet.....................Turkizat**

***Aktuell Litteratur***

**Poesi sidor...................................Ehmet**
**Jag är fri men inte mitt folk........................Turki ay**
**Då så..ahmatjan.............................Fair attap**

***Uyguriska arkiv som skyddas utomlands***

**Presentation av uyguriska dokument i Sveriges riksarkiv...........................................yalkun**

***Fakta om uygurer***

**Om ny års firandet (noruz).......................................Ayim**
**Uygurernas situation ur västsidans synpunkt...................Kaisar**
**Vem är uygur och vem är muslim?..............................Arman**

***Framtiden beror på din kamp***

**Frihet och enhet...................................................Gulamidin**

***Mänskliga rättigheter i Uyguristan***

**Mänskliga rättigheter i Östturkistan är sämre än i Palestina..............................................Tashkin**
**Fakta om fängelser i Östturkistan.............................Gulamidin**
**Tankar om flycktingslivet.........................................Turki ay**

***Kinas sanna ansikte***

**"Öppna västområdet" är Kinas andra ansikte.................Jasaret**
**Om USA skall starta krig mot Kina..........................Wang X X**
**Är Kinas armé stark?...............................................Berna kiz**
**Ung Mao gav förslag till att Hunan ska bli ett egetland...Jiang**
**WTO och Kinas framtid.............................................Kavsar**

***Ordförklaring***

**Om terrorism ............................................Böribäg**
**Mänskliga rättigheter i världen..................................Aytekin**

***Kända personer i historien***

**7 uyguriska systrar som förebilder för oss................Ahmatjan**

# تۆگەنچە

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ، مەمنۇنلۇق بىلەن سىزنى تەبرىكلەيمىز ! چۈنكى سىز ئەركىنلىك بوغۇلۋاتقان ، ئادالەت يوقۇلۋاتقان ، ئىنسانى غورۇر خورلۇنۋاتقان ، ھەقىقەت كۆمۈلۋاتقان ، بەختسىزلىك يامراۋاتقان ۋە مىللى كىرىزىس ئۆتكۈرلەشكەن بىر مۇدھىش مۇھىتتا ، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىددىيىسىنى مۇددىئاسىنى ئەڭ ئەركىن ، ئەڭ بىخەتەر بايان قىلالايدىغان بىردىن- بىر سەھنە-«غەرپ شامىلى» بىلەن تونۇشتىڭىز ،ئۇ ئەمدى سىزنىڭ بولدى.

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ، «غەرپ شامىلى» سىز ئۈچۈن ۋە مەن ئۈچۈن شۇنداقلا بىز ئۈچۈن ، بىزنىڭ ھۆرلۈكىمىز ، كېلەچىكىمىز ئۈچۈن يېڭىدىن دۇنياغا كەلدى . ئۇ سىز بىلەن ھەرۋاقىت بىللە بولغۇسى ! سىز بىلەن بىرگە گۈللەنگۈسى ! سىز ئۇنىڭ بىلەن ئەركىنلىكنى ، دېموكراتىيەنى ، ئادالەتنى ، ئىنسانلىقنى شۇنداقلا مەھكۇملۇقنى ، خورلۇقنى ، زالىملىقنى ، يالغانلىقنى قايتىدىن تونۇپ چىقىسىز . بىز ھەم شۇنىڭغا تىلەكداشمىز!

مەرھەممەت ! بىزگە پىكىر بىرىڭ ، ئەسەر ئەۋەتىڭ ، ئالاقىلىشىڭ . ئەمما سىزدىن كۈتىدىغان بىرلا ئۈمۈدىمىز : «غەرپ شامىلى» قولدىن-قولغا ئۆتسۇن ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچسۇنكى ، ھەرگىز ياستۇقنىڭ ئاستىدا قالمىسۇن !

ئېھتىرام بىلەن «غەرپ شامىلى»ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

Post adress:SUK
Box 45
631 02 Eskilstuna
SWEDEN
E-post adress:gherpshamili@uygurie.com
suk@uygurie.com
Webb adress:www.uygurie.com
Telefon:004616 421305
Fax:004616 421305
Banka:272403-7 Svenska Uygur Kommittén(SUK)
خەلقئارا ژورنال نومۇرى: ISSN 1652-0165





